1

ئاندېرسېن چۆچەكلىرى



# باشمالتاق قىز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئاندېرسېن چۆچەكلىرى

باشمالتاق قىز

پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى

سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق

زەھەرخەندە پادىشاھ

قۇياشنىڭ ھېكايىسى

ISBN 978-7-228-07721-2

9 787228 077212 >

定价：13.00 元

1

ئاندېرسېن چۆچەكلىرى

# باشمالتاق قىز

تەرجىمە قىلغۇچى : پاتىگۈل مىجىت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

2008 - يىل ئۈرۈمچى

**图书在版编目(CIP)数据**

安徒生童话选. 1：维吾尔文/（丹）安徒生(Andersen，H. C.）著；帕提古丽·米吉提译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008. 2
ISBN 978-7-228-07721-2

Ⅰ. 安… Ⅱ. ①安… ②帕… Ⅲ. 童话—作品集—丹麦—近代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I534.88

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 017255 号

---

| | |
|---|---|
| **作　　者** | (丹)安徒生 |
| **译　　者** | 帕提古丽·米吉提 |
| **责任编辑** | 艾合买提·伊明 |
| **责任校对** | 阿达来提·买合苏提，阿孜古丽·克力木 |
| **封面设计** | 买买提·诺比提 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **电　　话** | (0991)2827472 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| **邮　　编** | 830001 |
| **印　　刷** | 新疆新华印刷二厂 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230 毫米　1/32 |
| **印　　张** | 5.25 |
| **版　　次** | 2008 年 2 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2008 年 2 月第 1 次印刷 |
| **印　　数** | 1—5000 |
| **定　　价** | 13.00 元 |

---

بۇ كىتاب جۇڭگو ئۆسمۈرلەر - بالىلار نەشرىياتىنىڭ 2005 - يىلى 10 - ئاي 1 - نەشرى، 2005 - يىلى 10 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据中国少年儿童出版社 2005 年 10 月第 1 版，2005 年 10 月第 1 次印刷本选译出版。

# باشمالتاق قىز

## (ئاندېرسېن چۆچەكلىرى — 1)

---

**ئاپتورى :** ئاندېرسېن (دانىيە)
**تەرجىمە قىلغۇچى :** پاتىگۈل مىجىت
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** ئەخمەت ئىمىن
**مەسئۇل كوررېكتورى :** ئادالەت مەخسۇت، ئارزۇگۈل كېرەم
**مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى :** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون :** 0991—2827472
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**باسقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 5.25
**نەشرى :** 2008 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى
**باسمىسى :** 2008 - يىلى 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
**تىراژى :** 1—5000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—07721—2
**باھاسى :** 13.00 يۈەن

---




بۇ كىشى خانس خرىستىئان ئاندېرسېن.

ئۇ دانىيىدە تۇغۇلغان.

لېكىن، ئۇ ئىجاد قىلغان چۆچەكلەر دانىيىدىن

جىق - جىق ھالقىغان.

پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭ چۆچەكلىرىنى ھازىرغىچە

ئاڭلاپ كەلمەكتە.

# مۇھەررىردىن

خانس خرىستىئان ئاندېرسېن (1805 — 1875)، دانىيىنىڭ 19 - ئەسىردىكى ئاتاقلىق بالىلار چۆچەكلىرى يازغۇچىسى. ئۇ دانىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئودېنسەي دېگەن كىچىك بىر شەھەردە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى موزدۇز بولۇپ، ئەنگلىيە - فرانسىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە ناپولېئونغا ياللانما ئەسكەر بولغان، كېيىن كېسەل سەۋەبى بىلەن ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەن. ئاندېرسېن بۇ چاغدا ئاران 11 ياشتا بولۇپ، ئانىسىنىڭ ئائىلە خىزمىتىدىن تاپقان كىرىمى بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن. ئاندېرسېن ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ قىيىنلىقىدىن مەكتەپتە ئوقۇشقا ئامالسىز

قېلىپ، يۈك توقۇلما ماللار دۇكىنىدا مال ساتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1819 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندېرسېن ئارتىس بولۇش ئويى بىلەن كوپېنھاگېنغا كېلىپ، پادىشاھلىق تىياترىغا قارا خىزمەتچى بولۇپ ئورۇنلاشقان، كېيىن بىر قىسىم ئاق كۆڭۈل سەنئەتكارلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىر كىشىلىك ئوقۇتۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشىپ، مۇنتىزىم مەكتەپكە كىرگەن.

ئاندېرسېن ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ئۇ شېئىر، دراما، ھېكايە، ساياھەت خاتىرىسى قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ كۆرگەن. ئەمما، ئۇنىڭ ھەقىقىي قابىلىيىتى چۆچەك ئىجادىيىتىدە ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئېسىل ئەدەبىي مىراسلىرى ئاساسەن باللار چۆچىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاندېرسېن ئۆمرىدە 160 پارچىدىن ئارتۇق چۆچەك يازغان. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر باللار چۆچىكى يازىدىغان يازغۇچىلارنىڭ بىرى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرى ئاندېرسېننىڭ چۆچەك ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ.

ئاندېرسېننىڭ چۆچەكلىرى تەسەۋۋۇرغا باي، ئىدىيىۋىلىكى چوڭقۇر، شېئىرىي تۇيغۇ بىلەن فانتازىيىگە تويۇنغان. ئۇ تەسۋىرلىگەن ئۇچار قۇش، ھايۋانات، قۇرت ـ قوڭغۇزلار، بېلىقلار، گۈللەر، ئوت ـ

گىياھلار، پۇتكۇل تەبىئەت، ھەتتا ئائىلە سايمان ـ جابدۇقلىرى، ئويۇنچۇقلاردا ھېسسىيات پەيدا بولۇپ، ئۇلارغا كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك ھالدا قايتىدىن جان كىرىدۇ؛ دادىللىق بىلەن قىلىنغان تەسەۋۋۇر زامان، ماكانىنىڭ چېگراسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ ئۇنىڭ ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن بىلىمگە ئىنتىلىش ئارزۇسى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ؛ ئاجايىپ ـ غارايىپ چاقماقنىڭ ياردىمى بىلەن شاكىچىك ئەسكەر پادىشاھ بولىدۇ؛ سەت ئۆردەك چىرايلىق ئاق قۇغا ئايلىنىدۇ؛ شىددەتلىك شەرق شامىلى باتۇرلارنى ئەقىل ـ پاراسەت ماكانى ۋە بەختلىك ئارال دۆلىتىگە باشلاپ كېلىدۇ؛ بۇلبۇلنىڭ تۆككەن مۆڭلىرى ئىمتاسلىقنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ؛ ئەمەلگە ئېشىشقا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا مۇمكىنچىلىك تۇغۇلىدۇ. ئومۇمەن، ئاندېرسېننىڭ چۆچەك دۇنياسىدا تەبىئەتتىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەر بىللە بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا كىرىپ كېلىدۇ. مەيلى ئەپسانىدىكى دۇنيا بولسۇن ياكى رېئال تۇرمۇش بولسۇن بىر ـ بىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كېتىدۇ.

ئاندېرسېن ئۇسلۇب جەھەتتە ئىخچام، روشەن بولۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان يۈزەكى ھەشەمەتلەرگە بېرىلمەيتتى. تىلىنىڭ جانلىق

بولۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىلىدا ساپ، جانلىق خەلق تىلىنىڭ سەھراچە پۇراقلىرىمۇ بار ئىدى.

ئاندېرسېن ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمىگەن. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى چۆچەك ئىجادىيىتىگە بېغىشلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ئىشلىرىغا تەقدىم قىلغان. ئاندېرسېن 1875 - يىلى كوپېنھاگېندىكى بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.



# مۇندەرىجە


سەت ئۆردەك چۈجىسى ........................... 1

كىچىك كىراۋس بىلەن چوڭ كىراۋس ............... 22

كۆك پۇرچاق بىلەن مەلىكە .................... 49

باشمالتاق قىز ............................... 52

سەپەرداش .................................... 78

پەرىزات بېلىق ............................... 111

# سەت ئۆردەك چۆجىسى

ياز كەپتۇ. ئېتىز - داللار گۈزەللىكتىن لىباس كىيىپتۇ. بۇغدايلار ئالتۇندەك تاۋلىنىپ ئارپىلار يېشىل مەخمەلدەك جۇلالىنىپ كېتىپتۇ. دۆۋە - دۆۋە قۇرۇق ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا قاقىر قىپقىزىل ئۇزۇن پاچاقلىرىنى ئەركىن تاشلىغىنىچە، مىسىرچە بىرنېمىلەرنى دەپ سەيلە قىلىپ يۈرىدىكەن. مىسىرچە سۆزلەشنى ئۇ ئانىسىدىن ئۆگەنگەنىكەن. ئېتىزلارنىڭ ئەتراپى بۇك - باراقسان دەرەخلىك بولۇپ، دەرەخلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەكمۇ چوڭقۇر بىر كۆل بار ئىكەن.

ئىللىق قۇياش ئۆز نۇرىنى دېھقان ئۆيلىرىگە سېخىيلىق بىلەن چاچىدىكەن. ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىغا چۆرىدەپ خەندەك كولانغان بولۇپ، خەندەكنىڭ ئەتراپى كىچىك بالىلار كىرىپ كەتسە كۆرۈنمىگۈدەك ئېگىز

ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغانىكەن. بىر ئۆردەك ئانا بۇ يەرنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن، شۇڭا ئۇ بۇ يەرنى تۇخۇم بېسىپ يېتىشقا تاللىغانىكەن.

شۇغىنىسى، ئۇنىڭ ئىچى سىقىلىشقا باشلاپتۇ. نېمىشقا دېگەندە ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان تەلمۈرۈشتىن ئۇ بىزار بوپتۇ. باشقا ئۆردەكلەر خەندەكنىڭ ئىچىدە ئۈزۈپ ئويناپ، ئوت - چۆپ ئارىسىدا تۇخۇم بېسىپ ياتقان ئۇنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدىكەن، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىردەم - بىردەم مۇڭدىشىشنى بولسا خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەيدىكەن.

«ۋاق ! ۋاق !» ئاخىر تۇخۇملار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يېرىلىپ، ئۆردەك چۈجىلىرى يۇمران تۇكلۇك باشلىرىنى بىر - بىرلەپ چىقىرىشىپتۇ.

«غاق ! غاق !» ئۆردەك ئانا باشلامچى بولۇپ غاقىلداپتىكەن، ئۆردەك چۈجىلىرىمۇ ئۇنى دوراپ جىنىنىڭ بارىچە غاقىلداشقا باشلاپتۇ. ئانا ئۆردەك چۈجىلىرىگە ئەتراپتىكى يېشىللىققا قاراشنى ئۆگىتىپتۇ، چۈنكى يېشىللىق دېگەن كۆزگە پايدىلىق ئىكەن.

— ۋاي، ۋۇي، بۇ ئالەم نېمانچە كەڭ ! — دەپ چۇرقىرىشىپتۇ ئۆردەك چۈجىلىرى، تۇخۇمنىڭ ئىچىدىكى دۇنياغا پەقەتلا ئوخشىمايدىغان دۇنيادىن ھەيرانۇھەس بولۇشۇپ.

— ئالەمنى سىلەر مۇشۇنچىلىك دەپ قالدىڭلارمۇ؟ — دەپتۇ ئانا ئۆردەك باللىرىغا، — ئالەم دېگەن

بۇنىڭدىنمۇ چوڭ، ئۇ مۇشۇ يەردىن تارتىپ پوپىنىڭ ئېتىزىغىچە كېلىدۇ، بىراق ئۇ يەرلەرگە تېخى بېرىپ باقمىدىم. بىزگە مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ.

ئۇ سۆزلىگەچ پۇتلىرىنى تۇزلىۋېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

— ۋوي، تېخى ھەممە تۇخۇم يېرىلىپ بولماپتىغۇ؟! ماۋۇ ئەڭ يوغان تۇخۇم نېمىشقا يېرىلمىغاندۇ. ۋاي دەردىم، بۇنى يەنە قانچىلىك بېسىپ ياتارمەن. ئەجەب چىشىمنى قېرىشتۇردىغۇ بۇ، — ئۇ شۇنداق دەپلا يەنە موككىدە ئولتۇرۇپتۇ.

— ھە، قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇنى يوقلاپ كەلگەن قېرى ئۆردەك.

— ئاستىمدىكى ماۋۇ تۇخۇم مېنى تالدۇردى، — دەپتۇ ئانا ئۆردەك، — ھېچ يېرىلاي دېمەيدۇ دېسە. قارىڭە، ئاۋۇ بالىلىرىمغا، بىر - بىرىدىن چىرايلىق، ھەممىسى دادىسىغا ئوخشايدۇ. توۋا، ئۇ ۋاپاسىز مېنى بىر قېتىممۇ كۆرگىلى كەلمىدى دېسە.

— مۇنداق تۇرە، يېرىلمىغان ئاشۇ تۇخۇمنى بىر كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ قېرى ئۆردەك، — گېپىمگە يا ئىشەن، يا ئىشەنمە، ئۇ چوقۇم كۇركە توخۇنىڭ تۇخۇمى. مېنىڭمۇ بېشىمغا مۇشۇنداق قىسمەت چۈشكەن. مەن ئۇ بىرنېمىلەرنى دەپ ئۇپراپ بىر يەرگە بارغاندىم. نېمىشقا دېسەڭ، ئۇلار سۇدىن قورقىدىكەن دېگىنە، ئۇلارنى سۇغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قىلمىغىنىم، ئەتمىگىنىم قالمىغان، لېكىن ئۇلار سۇغا پۇتىنىمۇ تىققىلى ئۇناشمىدى. قېنى، كۆرۈپ باقاي، ۋىيەي،

راستتىنلا كۈركە توخۇنىڭ تۇخۇمىكەن ئەمەسمۇ. ئۇنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويۇپ، بالىلىرىغىنى سۇ ئۈزگىلى ئاپارغىنا.

— يەنە بىرئاز بېسىپ ياتايمىكى، شۇنچە ئۇزۇن بېسىپ يېتىپتىمەن، ئويۇننىڭ ئورنىدا يەنە بېسىپ يېتىپ باقاي، — دەپتۇ ئانا ئۆردەك.

— بوپتۇ، ئىختىيارىڭ ! — قېرى ئۆردەك نېرى كېتىپتۇ.

ھېلىقى يوغان تۇخۇم ئاخىر يېرىلىپتۇ. «چۇك، چۇك، چۇك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھەم يوغان، ھەم سەت بىر چۆجە چىقىپ كەپتۇ. ئۇنى كۆرگەن ئانا ئۆردەك:

— ۋاي، ئۆلەي، نېمىدېگەن سەت يوغىنىغان ئۆردەكتۇ بۇ، ھېچقايسى بالامغا پەقەت ئوخشىمايدۇ دېسە، كۈركە توخۇنىڭ چۆجىسى بولۇپ قالمىسۇن يەنە. بۇنى ھېلىلا ئايرىۋالمىمەنغۇ، ئۇنى تېپىپ بولسىمۇ سۇغا چۈشۈرەرمەنا ! — دەپتۇ.

ئەتىسى پارلاق قۇياش ئۆز نۇرىنى قىرىققۇلاقلارنىڭ ئۈستىگە سېپىپتۇ. ئۆردەك ئانا بالىلىرىنى باشلاپ سۇ بويىغا كەپتۇ - دە، ئۆزىنى «پولتۇڭىدە» سۇغا ئېتىپتۇ. ئۇ: «غاق، غاق» قىلىپ غاقىلداپتىكەن. ئۆردەك بالىلىرى بىر - بىرىنى ئىتتىرىشكىنىچە سۇغا سەكرەپتۇ. ئۇلار دەماللىققا چۆكۈپ كېتىپتۇ، ئەمما دەرھاللا لەيلەپ چىقىپ بەھۇزۇر ئۈزۈشكە باشلاپتۇ. ئۇلار شۇنداق چىرايلىق ئۈزۈپتۇ، ھەتتا ھېلىقى رەڭگى سەت كۈل رەڭ بالىچاقمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدە قالماپتۇ.

— ھە، ئۇ كۆركە توخۇ ئەمەسكەن، — دەپتۇ ئۆردەك ئانا، — كۆرمەمدىغان ئۇنىڭ بويىنىنى تىك تۇتۇپ، پۇتلىرىنى ئەپلىك ئىلىپ چاققان ئۈزۈشلىرىنى. ئۇنىڭ ئۆز بالام ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. لىللا گەپ قىلغاندا، ئۇنىڭغا ئوبدان سەپسىلىپ قارىسا بەك چىرايلىقكەن. «غاق ! غاق !» بالىلىرىم، مەن سىلەرگە كەڭ دۇنيانى كۆرسىتىپ كېلەي. ھازىر ئۆردەك فېرمىسىغا بارىمىز. ئۇ يەردىكى تۇغقانلىرىمىزنى كۆرۈپ كېلەيلى. يېنىمدىن ھەرگىز نېرى كەتمەڭلار، بولمىسا دەسسىلىپ كېتىسىلەر. مۈشۈكتىن ئېھتىيات قىلىڭلار.

ئۇلار ئۆردەك فېرمىسىغا جېدەلىنىڭ ئۈستىگە كەپتۇ. ئىككى ئۆردەك بىر يىلانبېلىقنىڭ بېشىنى تالىشىپ راسا ئۇرۇشۇۋاتقانىكەن، «توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىغان» بىر مۈشۈك مانا ئەمىسە دەپ ئۇنى ئېلىپ قېچىپتۇ. ھايانىى مۈشۈك ئاپتۇ.

— مانا، كۆردۈڭلارمۇ، بۇ دۇنيا مانا مۇشۇنداق، — ئۆردەك ئانا گەپ قىلغاچ تەمشىپ كېتىپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭمۇ يىلانبېلىقنىڭ بېشىنى شۇنداق يېگۈسى كەپتىكەن، — ئەمدى پەنجىلىرىڭلارنى ئىشقا سېلىڭلار، قېنى ماڭالامسىلەركىن ... ئاۋۇ ياشانغان ئۆردەك ئانىغا سالام بېرىڭلار، ئۇ ئارىمىزدىكى ئەڭ ئابرۇيلۇق ئۆردەك. ئۇ ئىسپانىيە جەمەتىدىن، شۇڭا شۇنداق كېلىشكەن. ئۇنىڭ بىر پۇتىغا چىگىلگەن قىزىل لېنتىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئاسان ئەمەس، ئۇ ئۆردەكلەرنىڭ ئەڭ ئالىي شان - شەرىپىنىڭ سىمۋولى، ئۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. ئىگىسى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ



قالماسلىق ئۈچۈن ئۇنى ئەتىۋارلاپ چىگىپ قويىدۇ. ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى تونۇيدۇ. ھە، مېڭىڭلار ... پۇتلىرىڭلارنى تىقىۋالماڭلار. تەربىيە كۆرگەن ئۆردەك پۇتلىرىنى كېرىپ تۇرىدۇ، خۇددى مەن بىلەن داداڭلارغا ئوخشاش. ھەببەللى، ئەمدى بېشىڭلارنى ئېگىپ سالام قىلىڭلار. «غاق» دەڭلار.

ئۆردەك بالىلىرى ئۆردەك ئانىنىڭ دېگىنىنى قىپتۇ. ئەتراپتىكى قېرى ئۆردەكلەر ئۇلارغا قاراپ كوتۇلدىشىپتۇ:

— كۆردۈڭلارمۇ؟ يەنە بىرمۇنچە نان قېپى قوشۇلۇپتۇ، خۇددى ئۆزىمىز ئاز كېلىۋاتقاندەك. ۋيەي، ئاۋۇ ئۆردەكچاقنىڭ ئەپتىگە قاراڭلار، ئادەمنىڭ قۇسقۇسى كېلىدىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بىر ئۆردەك ئىرغاڭلىغىنىچە كېلىپ ئۇنىڭ بوينىنى چوقۇلىۋاپتۇ.

— ئۇنىڭغا تەگمەڭلار، — دەپ خاپا بوپتۇ ئۆردەك ئانا، — ئۇ سىلەرگە نېمە يامانلىق قىلدى !

— لېكىن ئۇ ھەم يوغان، ھەم غەلىتە ئىكەن، — دەپتۇ ئۇنى چوقۇلىغان ئۆردەك، — شۇڭا ئۇنى ئۇچۇقلاپ تۇرۇش كېرەك.

— ئىسىت، بالىلىرىڭنىڭ ھەممىسى چىرايلىق ئىكەن، — دەپتۇ پۇتىغا قىزىل لاتا چىگىۋالغان قېرى ئۆردەك، — پەقەت ئاشۇلا بەك سەت تۇرىلىپ قاپتۇ. كاشكى ئۇنى باشقىدىن تۇرەلدۇرگىلى بولسا.

— ئۇنىسى مۇمكىن ئەمەس، ھۆرمەتلىك خانىم، — دەپتۇ ئۆردەك ئانا، — ئۇ سەت بولغىنى بىلەن بەكلا ئوماق، مۇلايىم. ئۇ باشقا ئۆردەك چۈجىلىرىدەكلا ياخشى ئۈزىدۇ، ئۈزۈشكە ئۇلاردىنمۇ ئۇستا دېسەممۇ ئوشۇق كەتمەيدۇ. چوڭ بولغانسېرى ئۇنىڭغا ئىسكەت كىرىپ، بويىنىڭ ئۆسۈشىمۇ توختاپ قالار. ئۇ تۇخۇمنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن تۇرۇپ كەتكەچكىمىكىن، ئىسكەتى سەل باشقىچە، — ئۇ شۇنداق دېگەچ، ئۇنىڭ پەيلىرىنى تۇمشۇقى بىلەن تۈزەشتۈرۈپ قويۇپتۇ، — ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئوغۇل بالا. چىرايلىق، سەت بولۇشىنىڭ كارايىتى چاغلىق. ئۇ شۇنداق تىمەن تۇرمامدۇ، كېيىن يارامىلىق ئەركەك بولىدۇ.

— باشقا بالىلىرىڭدا گەپ يوق، — دەپتۇ قېرى ئۆردەك — ماقۇل ئەمىسە، يىلانبېلىقنىڭ بېشى ئۇچراپ قالسا، ماڭا ئاپىرىپ بېرەرسىلەر.

ئۇلار بىرھازادىن كېيىن ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ.

ئەڭ ئاخىردا تۇخۇمدىن چىققان بىچارە ئۆردەك

بالىسى بەك سەت بولغاچقا، ھەممىسى ئۇنى چوقۇيدىكەن، ئۆردەكلەردىن ئېشىپ تۇخۇلارمۇ ئۇنى بوزەك قىلىدىكەن، ئۇنى مازاق قىلمايدىغان بىرمۇ جانىۋار يوق ئىكەن.

«نېمىدېگەن كېلەڭسىز، سەت نېمە بۇ» دەيدىكەن ئۇلار.

تۇغۇلۇشىدىنلا پۇتىدا دوكۇرى بار، ئۆزىنى پادىشاھ ساناپ يۈرىدىغان كۈرۈك توخۇ خۇددى بوراندەك ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى چوقۇلاپ قىزارتىۋېتىپتۇ. بىچارە ئۆردەك چۈجىسى نەدە تۇرۇشنى، نەگە بېرىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئۇنىڭ سەتلىكى بېشىغا بالا بوپتۇ، ئۇ ھەممىسىنىڭ بوزەك قىلىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

تۇنجى كۈنى مانا مۇشۇنداق دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. كېيىنكى كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈش ئۇنىڭغا تولىمۇ تەسكە چۈشۈپتۇ. ھېچكىم ئۇنى ئارىغا ئالماپتۇ، ئۇ ھېچ يەرگە پاتماپتۇ، ھەتتا قېرىنداشلىرىمۇ ئۇنى يەكلەپ:

«ۋاي سەت ! ئىلاھىم، مۈشۈككە يەم بولارسەن !» دەيدىكەن.

ئاخىر ئانىسىمۇ:

«يىراقراق كەتسەڭ بوپتىكەن،» دېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

ئۇ بىچارىنى ئۆردەكلەر چىشلەيدىكەن، مېكىيانلار چوقۇلايدىكەن، توخۇ، ئۆردەك باقىدىغان قىز تېپىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاشادىن ئارتىلىپ قېچىپ

كېتىپتۇ. دەرەخلىكتىكى قۇشلارمۇ ئۇنىڭدىن ئۈركۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. «ھەممە خاپىلىق مۇشۇ سەتلىكىمدىن بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ. شۇنداقتىمۇ ئۇ توختىماي قېچىپتۇ، شۇ قاچقانچە ياۋا ئۆردەكلەر ياشايدىغان سازلىققا بېرىپ قاپتۇ، بەك ھېرىپ كەتكەچكە، ئۇ يەردە بىر كېچە يېتىپتۇ. خىيال قىلغانسېرى ئۇنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بوپتۇ.

تاڭ ئاتقاندا ياۋا ئۆردەكلەر ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. ئۇلار يېڭىدىن كەلگەن بۇ ھەمراھىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن:

— قانداق نېمىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

سەت ئۆردەك چۈجىسى تۆت ئەتراپىغا پىرقىراپ تۇرۇپ ئۇلارغا ئەدەپ بىلەن سالام قىپتۇ.

— بەك سەت ئىكەنسەن، — دەپتۇ ياۋا ئۆردەكلەر، — بىراق، سەتلىكىڭنىڭ بىزگە زىيىنى تەگمەيدۇ، جەمەتىمىزدىكى بىرەرى بىلەن توي قىلمىساڭلا كارىمىز يوق.

ئۆزىنى ھېچ يەرگە سىغدۇرالمايۋاتقان بۇ بايقۇشنىڭ توي قىلىش خىيالى نېمە ئىش قىلسۇن. ئۇنىڭغا بۇ سازلىقتىن ياتقۇدەك كىچىككىنە يەر، ئىچكۈدەك سۇ تەگسىلا ئۇ شۈكۈر قىلىدىكەن.

ئۇ ئۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرۇپتۇ. بۇ يەرگە يەنە ئىككى تورنا، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىككى ئەركەك تورنا ئۇچۇپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ تۇخۇمدىن چىققىنىغا ئۇزۇن بولمىغاچقا، بەكمۇ كەپسىز ئىكەن.

— ماڭا قارا، بۇرادەر، — دەپتۇ ئۇلار، — شۇنچىلىك سەت بولساڭمۇ بىز ساڭا ئامراق بولۇپ

قالدۇق. بىز بىلەن بىللە ئۇچۇشنى خالامسەن؟ يېقىنلا يەردە بىر سازلىق بار، ئۇ يەردە چىرايلىق تۇرنا قىزلار ياشايدۇ. ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ تەلىيىڭنى سىناپ باقامسەن، بەك سەت ئىكەنسەن بولمىسا.

«تاڭ ـ تۇڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىككى تۇرنا قومۇشلۇققا يىقىلىپتۇ، سۇ قىپقىزىل قانغا بويىلىپتۇ. «تاڭ ـ تۇڭ» قىلغان ئاۋازلار يەنە ئاڭلىنىپ قومۇشلۇقتىن بىر توپ تۇرنا ئۇچۇپ چىقىپتۇ، ئارقىدىنلا بىر ـ بىرلەپ پەسكە چۈشۈپتۇ. ئەسلىدە بۇ چوڭ قورشاپ يوقىتىش بولۇپ، ئوۋچىلار ئەتراپتا مۆكۈنۈپ ياتقانىكەن، بىرنەچچىسى تېخى دەرەخلەرنىڭ ئاچىمىقىغا چىقىۋالغانىكەن.

ئەتراپنى ئوق ـ دورا ھىدى قاپلاپ خېلى بىر ـ ھازاغىچە تارقىماپتۇ. تايغانلار ئوت ـ چۆپلەرنى دەسسەپ ـ چەيلىگىنىچە يۈگۈرۈشۈپ كەپتۇ. بىچارە ئۆردەك چۈجىسى قورققىنىدىن بېشىنى قانىتىنىڭ ئاستىغا تىقىۋاپتۇ. تىلى بىر غېرىچ ساڭگىلاپ، كۆزلىرى دەھشەتلىك يېنىپ تۇرغان بىر تايغان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى پۇراپ قويۇپ كەينىگە بۇرۇلۇپ چېپىپ كېتىپتۇ.

«ئۇھ، شۈكۈر، ــ دەپ يېنىك تىن ئاپتۇ ئۆردەك چۈجىسى، ــ سەتلىكىمدىن ئىتنىڭمۇ مېنى چىشلىگۈسى كەلمىدى.»

ئۇ ياتقان جايىدا قىمىرلىماي يېتىپتۇ. ئوق ئاۋازلىرى تاكى قاراڭغۇ چۈشكۈچە پەسلىمەپتۇ.

قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ، ئەتراپ ئاخىر جىمجىتلىققا

چۆمۈپتۇ. بىچارە ئۆردەك چۈجىسى يەنىلا ئورنىدىن تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ، ئارىدىن بىرنەچچە سائەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قاراپتۇ، ئاندىن كەينىگىمۇ قارىماستىن سازلىقتىن قېچىپ چىقىپتۇ، قېچىپ ئېتىز ـ دالىلاردىن، يايلاقلاردىن ئۆتۈپتۇ، بوران چىقىۋاتقاچقا قاچمىقىمۇ ئوڭايغا چۈشمەپتۇ.

ئۇ خېلى يول مېڭىپ ئاخىر بىر دېھقاننىڭ ۋەيرانە كەپىسىگە كەپتۇ. بۇ كەپە شۇنچىلىك ۋەيرانە ئىكەنكى، ۋەيرانىلىكىدىن قايسى تەرەپكە يىقىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالغانىكەن. بوران ئۇشقىرتىپ، ئۆردەك چۈجىسىنىڭ پەي ـ تۈكلىرىنى تەتۈر ئۆرۈۋېتىپتۇ. نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان بىچارە ئۆردەك چۈجىسى ئەبجەق ئىشىكنىڭ ئارىچىقىدىن ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ.

ئۆينىڭ ئىچىدە بىر موماي، بىر مۈشۈك، يەنە بىر مېكىيان بار ئىكەن. ئۇ مۈشۈكنى «ئوغلۇم» دەپ چاقىرىدىكەن. ئۇنىڭ مۈشۈك «ئوغلى» دۈمبىسىنى ياي شەكلىگە كەلتۈرۈپ مىياۋلاپ بېرىدىكەن، ئۇنىڭ تۈكلىرىنى تەتۈرگە سىلاپ قويسا ئوت چىقىدىكەن. مېكىياننىڭ پۇتلىرى قىسقا ھەم ئىنچىكە ئىكەن، شۇڭا موماي ئۇنى «كالتە پاچاق» دەپ چاقىرىدىكەن. ئۇ تۇخۇم تۇغالىغاچقا، موماي ئۇنى ئۆز بالىسىدەك ياخشى كۆرىدىكەن.

قاق سەھەردە، يىراقتىن كەلگەن بۇ «مېھمان» سېزىلىپ قاپتۇ. شۇ ھامان مۈشۈك مىياۋلاشقا، مېكىيان قاقاقلاشقا باشلاپتۇ.

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ كۆزى تورلىشىپ قالغان موماي، ئاندىن ئۇ ئەتراپىغا قاراپ ئۆردەك چۈجىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ مومايىنىڭ كۆزىگە سېمىز ئۆردەكتەك كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ.

«ئاسماندىن چۈشكەن ئامەتقۇ بۇ، — دەپتۇ موماي، — ئەمدى ئۆردەك تۇخۇمى يېيەلەيدىغان بولدۇم، ئەركەك چىقىپ قالمىسىدى، ئىلاھىم ! قېنى، قاراپ باقمامدۇق.»

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئۆردەك چۈجىسىنى ئۈچ ھەپتە ساقلاپتۇ. ئەمما ئۇ ماياقچىلىكمۇ تۇخۇم تۇغماپتۇ. بۇ ئۆيدە مۈشۈك بەگزادە، مېكىيان ئېسىلزادە خېنىم ئىكەن. ئۇلار ئاغزىنى ئاچسىلا: «بىز ۋە بىزنىڭ دۇنيايىمىز» دەپ چۈشىدىكەن، چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى يېرىم دۇنيا، يەنە كېلىپ دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشى يېرىمى دەپ بىلىدىكەن. ئەمما، ئۆردەك بالىسى ئۇلارنىڭ قارىشىغا قوشۇلمايدىكەن. مېكىيان بۇنىڭغا پەقەتلا چىدىماي قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن:

— تۇخۇم تۇغالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تۇغالمايمەن.

— ئۇنداق بولسا، سېسىق ئاغزىڭنى چىڭ يۇم !

مۈشۈك ئۇنىڭدىن:

— دۈمبەڭنى يادەك ئېگەلەمسەن؟ مەندەك مىياۋلىيالامسەن؟ تۇكۇڭدىن ئوت چىقىرالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھېچقايسىسىنى قىلالمايمەن.

— ئۇنداق بولسا، بىزدەك ئەقىللىقلار بىلەن

سۆزلەشكەندە ئۆزۈڭنى بىلىپراق گەپ قىلارسەن.

ئۆردەك بالىسى جىملا بولۇپ قاپتۇ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ساپ ھاۋانى، ئىللىق قۇياش نۇرىنى خىيال قىپتۇ، يۇرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن سۇ ئۈزۈش ئارزۇسى بالقىپتۇ، ئاخىر پەقەت چىدىيالماستىن ئارزۇسىنى مېكىيانغا ئېيتىپتۇ.

— نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانسەن؟ — دەپتۇ مېكىيان، — بىكارچىلىقتىن ئىچىڭ پۇشۇپ بولمىغۇر خىياللاردا بولۇۋاتقان ئوخشايسەن. تۇخۇم تۇغالىغان، مىياۋلىيالىغان بولساڭ، بۇنداق خىياللارغا بېرىلمەيتتىڭ.

— بىراق، سۇ ئۈزۈش بەك راھەت، — دەپتۇ ئۆردەك چۈجىسى، — سۇغا بېشىڭنى چۆكۈرۈپ، سۇنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇساڭ، كۆڭۈللىرىڭ يايراپ كېتىدۇ دېگىنە.

— ھەئە، بەك راھەتتۇ، — دەپتۇ مېكىيان، — ئېلىشىپ قالغان ئوخشايسەن. بېرىپ مۈشۈكتىن سوراپ باقە، ئۇ دوستلىرىمنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەقىللىق، ئۇ سۇ ئۈزۈشكە ئامراقمىكىن، سۇدا شۇڭغۇشتىن خۇشاللىق تاپالامدىكىن. مېنى قويۇپ تۇرۇپ، خوجايىن ئايالدىنمۇ سوراپ باق، دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ ئەقىللىق ئادەم يوق. ئۇ سۇغا شۇڭغۇپ ئويناشنى ياخشى كۆرەمدىكىن؟

— سىلەر مېنى چۈشەنمەيسىلەر.

— بىز سېنى چۈشەنمىسەك، كىم چۈشىنەر؟ مۈشۈكتىنمۇ، ئىگىمىزدىنمۇ بەك ئەقىللىق ئەمەسسەن. ماڭغۇ ئەقىل جەھەتتە ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيسەن. ئۆزۈڭنى بەك بىلەلمەي قالما، بالىجان! مۈشۈنداق

ئىسسىق ماكانغا، بىزدەك ئەقىللىق دوستلارغا ئېرىشكىنىڭگە شۈكۈر قىل. بىراق، سەن بەك نادان ئىكەنسەن، سەن بىلەن دوست بولغىنىنىڭ پايدىسى يوقكەن. مېنىڭ گېپىمگە ئوبدان قۇلاق سال. ساڭا ياخشى بولسۇن دەپ نەسىھەت قىلىۋاتىمەن. «دوست ئاغرىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ» دېگەننى ئاڭلىغانمۇ، سەن؟ ماڭە، بېرىپ تۇخۇم تۇغ يا بولمىسا مىياۋلا، ھېچبولمىغاندا تۈكلىرىڭدىن ئوت چىقار.

— ئىچىم سىقىلىپ كەتتى، بىپايان ئالەمگە چىققۇم كېلىۋاتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، يول بولسۇن، — دەپتۇ مېكىيان.

شۇنداق قىلىپ، ئۆردەك چۆجىسى ئۆيدىن چىقىپ، ئېرىق - ئۆستەڭلەردە سۇ ئۈزۈپ، سۇنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇپ يۈرۈپتۇ. لېكىن، ئۇ بەك كۆرۈمسىز بولغاچقا، جان - جانىۋارلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنى كۆزگە ئىلماپتۇ.

كۈز كەپتۇ. دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى تىللا رەڭگە كىرىپتۇ، ئىزغىرىن شامالدا غازاڭلار ھەر تەرەپكە ئۇچۇپتۇ. ھاۋا سوۋۇپ، مۆلدۈر ۋە قار يېغىشقا باشلاپتۇ. قاغىلار توڭلىغىنىدىن قاشاغا قونۇپ «قاق! قاق!» قىلىپ قاقىلداپتۇ، ئۆردەك چۆجىسىنىڭ ھالى تېخىمۇ بەتتەر بوپتۇ.

بىر كۈنى پارلاق قۇياش خۇشاللىق بىلەن پېتىپ كېتىۋاتقاندا، ئورمانلىقتىن بىر توپ چىرايلىق قۇش ئۇچۇپ چىقىپتۇ. ئۆردەك چۆجىسى ئۆمرىگە كېلىپ بۇنداق چىرايلىق قۇشلارنى كۆرمەپتىكەن. ئۇلارنىڭ



پەيلىرى ئاپئاق، بوينى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن بولۇپ، غەلىتە ئاۋازدا سايرايدىكەن، چىرايلىق قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچۇپ، سوغۇق يەرلەردىن مۇز تۇتمايدىغان ئىسسىق كۆللەرگە ئۇچۇپ كېتىدىكەن. بۇ قۇشلار ئاق قۇ ئىكەن. ئۇلار بەكمۇ ئېگىز، بەكمۇ ئېگىز ئۇچىدىكەن.

ئۇلارنى كۆرۈپ نېمە ئۇچۇندۇر ئۆردەك بالىسىنىڭ ئىچىگە بىر ئوت چۈشۈپتۇ، بىتاقەت بولۇپ سۇنىڭ ئىچىدە چاقپەلەكتەك پىرقىراپ كېتىپتۇ، بويىنىنى ئۇزۇن سوزۇپ ئۇ قۇشلارغا قاراپ سايراپ سايراپتۇ، سايراپتىيۇ، ئۆزىنىڭ ئاۋازىدىن ئۆزى قورقۇپ كېتىپتۇ. ئاھ، ئۇ بۇ چىرايلىق ھەم بەختلىك قۇشلارغا ئىچ - ئىچىدىن ئامراق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ قۇشلار ئۇچۇپ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يىتكەندە، ئۇ دەردكە چىدىماي سۇنىڭ تېگىگە شۇڭغۇپتۇ، سۇدىن چىققاندا روھى چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئۇ قۇشلارنىڭ قانداق قۇش ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۇچۇپ نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن، ئەمما ئۇ ئەزەلدىن ھېچنېمىگە بۇنداق ئامراق بولۇپ باقماپتىكەن. ئۆردەكلەر جېنىدا ئۇنى ياراتمايۋاتسا، ئۇچۇپ كەتكەن قۇشلاردەك چىرايلىق بولۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشتىن قورقىدىكەن، بىچارە. پەقەت ئۆردەكلەر ئۇنى ئارىغا ئالسىلا، ئۇ خۇداغا مىڭ شۈكۈر دەيدىكەن.

قىش تولىمۇ سوغۇق كەپتۇ. ئۆردەك چۈجىسى سۇنىڭ يۈزىگە مۇز تۇتۇپ كەتمىسۇن دەپ توختىماي ئۈزۈپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۈزۈش دائىرىسى بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىپتۇ. ئۇ تولا پالاقلاپ ئاخىر ھېرىپ

ھالىدىن كېتىپتۇ ۋە مۇزنىڭ ئىچىدە توڭلاپ قاپتۇ.

ئەتىگىنى بىر دېھقان بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ توڭلاپ قالغىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ياغاچ ئايىغى بىلەن مۇزنى چوقۇپ يۇرۇپ ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇۋاپتۇ، ئاندىن قوينىغا سېلىپ ئاپىرىپ خوتۇنىغا بېرىپتۇ. ئۆردەك چۈجىسى ئۇ ئۆيدە ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كەپتۇ.

دېھقاننىڭ بالىلىرى ئۇنىڭ بىلەن ئوينىماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپتىكەن، ئۆردەك ئۇلار مېنى ئۇرىدىغان ئوخشايدۇ دەپ پالاقلاپ قېچىپتۇ ۋە سۈت كومزىكىنى ئۆرۈۋېتىپتۇ. كومزەك ئۆرۈلۈپ سۈت ھەممە يەرگە چاچراپتۇ. بۇنى كۆرگەن دېھقاننىڭ خوتۇنى قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ بىرنېمىلەرنى دەپ چىرقىراپتىكەن، ئۇ تېخىمۇ قورقۇپ ئۆزىنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۇرۇپ، دەسلەپ سېرىقماي قاچىسىغا، ئاندىن ئۇن بار ئىدىشقا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردىن پالاقلاپ چىققاندا، ئۇ تېخىمۇ سەتلىشىپ قارىغۇسىز ھالغا كېلىپ قاپتۇ. زىيانغا چىدىمىغان دېھقاننىڭ خوتۇنى لاخشىگىرنى ئېلىپ ئۇنى قوغلاپتۇ، بالىلىرى بولسا ئۇنى تۇتۇشتا بەسلىشىپ، قىيا ـ چىيا قىلىشىپ ئۆينى بېشىغا كىيىشىپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئىشىك ئوچۇق ئىكەن، ئۆردەك چۈجىسى ئۆزىنى تالاغا ئېتىپتۇ. قېچىپ چىققاندىن كېيىن ئۇ قېلىن قار بىلەن يۇركەلگەن ئورمانغا كىرىۋاپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ماڭغۇدەك ماجالى قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئورماننى ماكان تۇتۇپ يېتىپتۇ.

زىمىستان قىشتىن چىققۇچە ئۇنىڭ تارتىمىغان كۆلپەتلىرى قالماپتۇ. قۇياش قايتىدىن ئىللىق نۇرىنى چاچقاندا، قۇشلارنىڭ كۆي ـ ناخشىسى قايتىدىن ياڭرىغاندا، گۈزەل باھار يېتىپ كەپتۇ.

قورۇپ قالغان قومۇشلارنىڭ ئارىسىدا ياتقان ئۆردەك چۈجىسى قاناتلىرىنى قېقىشقا باشلاپتۇ. قارىسا قاناتلىرى بۇرۇنقىدىن كۈچلىنىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرلا قانات قېقىپ يەردىن كۆتۈرۈلۈپتۇ ـ دە، ئاسماندا پەرۋاز قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچىلىك چوڭ بىر باغقا كېلىپ قاپتۇ. باغدا ئالمىلار چېچەكلەپ، گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ، چوكانتاللار سۇغا سايە تاشلاپ تۇرغانىكەن. باھار پەيزىگە چۆمگەن بۇ مەنزىرە ئۇنىڭ كۆڭلىنى يايرىتىۋېتىپتۇ. ئۇ ئالدى تەرەپكە قارىسا، بۇك ـ باراقسان دەرەخلىك ئارىسىدىكى ئۆستەڭدە ئۈچ ئاق قۇ ئۈزۈپ يۈرگۈدەك، ئۇلار شۇنچىلىك گۈزەل، شۇنچىلىك بەختلىك ئىكەن، كىچىك ئۆردەك ئۇلارنى تونۇۋاپتۇ ۋە تېخىمۇ مىسكىنلىشىپ كېتىپتۇ.

«مەنمۇ بۇ ئالىيجاناب قۇشلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلايچۇ، لېكىن ئۇلارغا يېقىنلاشسام مېنى ئەجەب سەتكەن دەپ چوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويسا قانداق قىلارمەن. بوپتۇ، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرمەمدىمەن. بۇ ئۆردەكلەرنىڭ چىشلەشلىرىدىن، توخۇلارنىڭ چوقۇلاشلىرىدىن، غاز باققۇچى قىزنىڭ تېپىشلىرىدىن مىڭ ئەلا ئەمەسمۇ.»

شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۇغا چۈشۈپ گۈزەل ئاق قۇلار

سۇ ئۈزۈۋاتقان تەرەپكە قاراپ ئۈزۈپتۇ. ئۇنى كۆرگەن ئاق قۇلارمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۈزۈپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ پەيلىرى شۇنچىلىك چىرايلىق، شۇنچىلىك يۇمشاق ئىكەن.

— مېنى چوقۇلاپ ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلارمۇ مەن رازى، — دەپ بېشىنى تۆۋەن ساپتۇ سەت ئۆردەك.

لېكىن، ئۆلۈمنى كۈتۈپ بېشىنى ئېگىپ تۇرغان ئۆردەكنىڭ ئەينەكتەك سۈزۈك سۇ يۈزىدە كۆرگىنى نېمە بوپتۇ دېمەمسىلەر؟ ئۇ سۇ يۈزىدە ئۆزىنى سەت، كۆرۈمسىز، ھەممە ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان دۆت كۈل رەڭ ئۆردەك قىياپىتىدە ئەمەس، بەلكى پەيلىرى ئاپئاق ئاق قۇ قىياپىتىدە كۆرۈپتۇ.

سەن ئەسلىي ئاق قۇ تۇخۇمى بولساڭلا، سېنى مەيلى ئۆردەك ياكى ئاق قۇ باسسۇن، بەربىر ئاق قۇ بولۇپ تۇغۇلىدىكەنسەن.

ئۇ تارتقان كۈلپەت - جاپالىرىدىن ئۆكۈنۈشنىڭ ئورنىغا خۇشال بوپتۇ، چۈنكى شۇ ئازابلارنى تارتقاچقا بۈگۈنكى بەختىنىڭ قەدرىگە ھەسسىلەپ يېتەلەيدىكەن.

ھېلىقى نەچچە ئاق قۇ ئۇنى پىرقىراپ ئۈزۈپ، ئۇنىڭ پەيلىرىنى تاراپتۇ.

نەچچە بالا باغقا كىرىپ ئاق قۇلارغا بولكا ۋە بۇغداي تاشلاپ بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى:

— ئاق قۇدىن يەنە بىرى كەپتۇ ! — دەپ چۇرقىراپتۇ.

— ۋاي، راست، يەنە بىرى كەپتۇ !

باللار خۇشال ۋارقىرىشىپ، سەكرەپ - تاقلىشىپ



ئاتا ـ ئانىسىغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپتۇ. ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىنى باشلاپ كېلىپ، ئاق قۇلارنى كۆرسىتىپ:

— قاراڭلار، يېڭىدىن كەلگىنى ھەممىدىن ياش ھەم ھەممىدىن گۈزەل ئىكەن ! — دەپ كېتىپتۇ ۋە بولكا، تورت ئۇۋاقلىرىنى تاشلاپ بېرىپتۇ.

قېرى ئاق قۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ئىختىيارسىز بېشىنى ئېگىپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ.

ئۇ خىجالەت بولغىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي، بېشىنى قاناتلىرىنىڭ ئارىسىغا تىقىۋاپتۇ. ئۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك بەختلىك ھېس قىپتۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ ماختاشلىرىدىن ھەرگىزمۇ مەغرۇرلىنىپ كەتمەپتۇ، چۈنكى ئاق كۆڭۈل يۈرەك مەغرۇرلۇقنى ھەرگىز سىغدۇرالمايدىكەن، ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن قانداق

خارلانغانلىرىنى، ئەمدى بولسا ئەڭ گۈزەل ئاق قۇ دەپ تەرىپلىنىۋاتقانلىقىنى ئويلاپتۇ. سېرىنگۈللەرنىڭ شاخلىرى سۇغا ساڭگىلاپ تۇرىدىكەن، قۇياش ئۇنىڭغا سېخىيلىق بىلەن نۇر چاچىدىكەن. ئۇ قاناتلىرىنى پالاقلىتىپ، بويىنىنى ئۇزۇن سوزغىنىچە، ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

«توۋا، سەت ئۆردەك چۈجىسى چېغىمدا، بۇنچىلىك جىق بەختنىڭ ماڭا قۇچاق ئېچىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم.»



# كىچىك كراۋۇس بىلەن چوڭ كراۋۇس

بىر كەنتتە ئىسمى ئوپمۇئوخشاش ئىككى ئادەم ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئىسمى كراۋۇس ئىكەن. بىراق، بىر كراۋۇسنىڭ تۆت ئېتى، يەنە بىر كراۋۇسنىڭ بىر ئېتى بار ئىكەن. كىشىلەر ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، تۆت ئېتى بارنى چوڭ كراۋۇس، بىر ئېتى بارنى كىچىك كراۋۇس دەپ ئاتايدىكەن. ئەمدى ئۇلارنىڭ قانداق كۈن ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى بىلىپ باقايلى. شۇنى سەمىڭلارغا سېلىپ قوياي، بۇ راست بولغان ئىشلار.

كىچىك كراۋۇس ساق بىر ھەپتە چوڭ كراۋۇسنىڭ يەرلىرىنى ھەيدەيدىكەن، «ئۇستىكىنىڭ ئۈستىگە پۇستەك بېرىپتۇ» دېگەندەك، يەنە ئېخى بار - يوق بىر ئېتىنىمۇ قوشۇپ قوشقا سالىدىكەن. چوڭ كراۋۇس تۆت ئېتى



بىلەن ھەپتىدە پەقەت بىر كۈنلا كىچىك كىراۋوسقا ياردەملىشىدىكەن، بۇ كۈنمۇ تېخى يەكشەنبە كۈنى ئىكەن.

بۇ كۈنى كىچىك كىراۋوس بەش ئات قوشۇلغان قوشنى ھەيدەپ، قامچىسىنى قارسىلدىتىپ خۇشاللىقتا چۆمگەن ھالدا يەر ھەيدەپتۇ. ئۇنىڭغا بۇ بەش ئات خۇددى ئۆزىنىڭكىدەك تۇيۇلۇپ كېتىپتۇ.

قۇياش پارلاق نۇرىنى چېچىپ تۇرىدىكەن، چېركاۋنىڭ قوڭغۇراقلىرى جاراڭلاپ، كىشىلەر چىرايلىق ياسىنىشىپ ئىبادەتكە مېڭىپتۇ. ئۇلارنىڭ قولتۇقلىرىدا «مۇناجاتنامە» قىسىقلىق ئىكەن. ئۇلار كىچىك كىراۋوسنىڭ بەش ئات قوشۇلغان قوشنى ھەيدىگىنىچە قامچىسىنى قارسىلدىتىپ خۇشال يەر ھەيدەۋاتقانلىقىنى، توختىماستىن:

— چۇھ، مېنىڭ جانىۋارلىرىم! چۇھ، مېنىڭ بەش ئېتىم! — دەپ توۋلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان چوڭ كىراۋوس چىدىماستىن:

— ئۇنداق دېسەڭ قانداق بولىدۇ، بىر ئاتلا سېنىڭ

تۇرسا، — دەپتۇ.

بىراق، كىچىك كراۋوس چىركاۋغا ماڭغان ئادەملەرنى كۆرسىلا يەنە ئىختىيارسىز:

— چۇھ، مېنىڭ جانىۋارلىرىم! چۇھ، مېنىڭ بەش ئېتىم! — دەپ توۋلايدىكەن.

— ئەمدى ئۇنداق دېمە! — دەپ تېرىكىپتۇ چوڭ كراۋوس، — يەنە بىر قېتىم توۋلايدىغان بولساڭ، بار - يوق بىر ئېتىڭنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىمەن!

— بولدى، ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق دېمەيمەن، — دەپتۇ كىچىك كراۋوس.

لېكىن، يولدىن ئۆتكەن بىرەرى ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ قويسىلا، بەش ئات بىلەن قوش ھەيدىگىنىدىن بەك خۇشال بولۇپ كەتكەن كىچىك كراۋوس ئىختىيارسىز:

— چۇھ، مېنىڭ جانىۋارلىرىم! چۇھ، مېنىڭ بەش ئېتىم! — دەپ قامچىسىنى قارسىلدىتىپ قويىدىكەن.

— مانا ساڭا بەش ئات، — چوڭ كراۋوسنىڭ سەۋر قاچىسى تېشىپتۇ - دە، قولىغا كالتەك ئېلىپ كىچىك كراۋوسنىڭ ئېتىنىڭ كاللىسىغا بىرنى ساپتۇ. ئات تىك موللاق ئېتىپ ئۆلۈپتۇ.

— ئەمدى قانداق قىلارمەن، دۇنيالىقتىكى بىر ئېتىممۇ يوق بولدى، — دەپ يىغلاپتۇ كىچىك كراۋوس.

ئۇ يىغلاپ ھارغاندىن كېيىن ئېتىنى سويۇپ، تېرىسىنى ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇپتۇ، ئاندىن ئۇنى تاغارغا قاچىلاپ، ئۆشنىسىگە ئارتىپ، سېتىپ پۇل

قىلىش ئۈچۈن شەھەر تامان يول ئاپتۇ.

ئۇ يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ، لېكىن شەھەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىنى قاراڭغۇ ئورمان توسۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا دەھشەتلىك بۇزۇلۇپ، ئۇ يولدىن ئېزىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بۇ كېچىدە شەھەرگە يېتىپ بېرىشقا كۆزى يەتمەپتۇ.

يولنىڭ بويىدا بىر دېھقاننىڭ ئۆيى ئۇچراپتۇ. ئۇ ئۆينىڭ دېرىزىلىرىنىڭ قاپقاقلىرى ھەم ئېتىلگەن بولسىمۇ، ئاراچىلاردىن چىراغ يورۇقى چىقىپ تۇرىدىكەن.

«ھەرقانچە بولسىمۇ مېنى بىر كېچە قوندۇرۇپ قالار» دەپ ئويلىغان كىچىك كراۋوس ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ.

دېھقاننىڭ خوتۇنى ئىشىكنى ئېچىپتۇ. كىچىك كراۋوسنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ «ئۆيدە ئېرىم يوق، يات ئەر كىشىنى قوندۇرالمايمەن» دەپ ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزمەپتۇ.

«ئەستا، بىر كېچە تالادا قالىدىغان بولدۇم - دە !» دەپتۇ كىچىك كراۋوس.

دېھقاننىڭ ئۆيگە يېقىنلا يەردە بىر دۆۋە ئوت - چۆپ دۆۋىلەكلىك ئىكەن، ئوت - چۆپ بىلەن دېھقان ئۆينىڭ ئارىلىقىدا ئۆگزىسىگە ئوت - چۆپ يېپىلغان بىر لاپاس تۇرغۇدەك. «ئاشۇ يەردە ئۇخلىسامىمۇ بولىۋېرىدۇ، خۇددى ئۆيۈمدىكى كارىۋىتىمدا ئۇخلىغاندەك راھەت ئۇخلايمەن. لەيلەك بۇنداق قاراڭغۇ كېچىدە پۇتۇمنى چوقۇلاپ يۈرمەس» دەپ ئويلاپتۇ كىچىك

كىراۋوس. ئۇ لاپاسنىڭ ئۇستىدىكى لەيلەكنىڭ ئۇۋىسىنى كۆرۈپ شۇنداق دېگەنىكەن.

ئۇ لاپاسقا چىقىپ يېتىپتۇ. دېرىزە قاپقىقىنىڭ ئۇستى تەرىپى ئوچۇق ئىكەن، كىچىك كىراۋوس شۇ يەردىن ئۆينىڭ ئىچىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان چوڭ ئۇستەلنىڭ ئۇستى نازۇنېمەتلەر بىلەن تولغان بولۇپ، كاۋاپ دەمسىز، بېلىق دەمسىز، شاراب دەمسىز، ھەممە نېمە تېپىلىدىكەن. دېھقاننىڭ خوتۇنى پوپ بىللە ئولتۇرارمىش، ئارىدا باشقا ئادەم يوق، دېھقاننىڭ خوتۇنى ھەدەپ پوپقا شاراب قۇيۇپ بېرىۋاتقۇدەك، پوپ توختىماي ۋىلكىدا سانجىپ بېلىق يەۋاتقۇدەك.

«يەنە بىر ئادەم بىللە ئولتۇرۇپ يېسىمۇ بۇ نازۇ-نېمەتلەر بىمالال يەتكۇدەك، ۋاي خۇدايىم، يەنە بىر چوڭ تورتمۇ تۇرمامدۇ، ئادەمنىڭ ئاغزىغا سېرىقسۇ كەلتۈرۈپ» دەپ ئويلاپتۇ كىچىك كىراۋوس.

دەل شۇ چاغدا، چوڭ يول تەرەپتىن بىرەيلەن مۇشۇ ئۆي تەرەپكە قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئاتلىق دەل ئاشۇ خوتۇننىڭ ئېرى ئىكەن. ئۇ تولىمۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەن، بىراق ئۇنىڭ تولىمۇ غەلىتە بىر ئەيىبى بار ئىكەن. ئۇ بولسىمۇ، پوپلارنى پەقەت ياخشى كۆرمەيدىكەن، ئۇلارنى كۆرگەن ھامان قۇيقا چېچى تىك تۇرىدىكەن. شۇڭا، پوپ ئۇ يوق چاغلاردىلا ئۇنىڭ خوتۇنىنى يوقلاپ كېلىدىكەن. ئۇ كۆڭۈلچەك خوتۇنمۇ ئۇنى ھەر خىل نازۇنېمەتلەر بىلەن كۈتۈۋالىدىكەن.

ئۇ ئېرىنىڭ كەلگەنلىكىنى تۇيۇپ قورقىنىدىن

نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ ـ دە، پوپنى بۇلۇڭدىكى ساندۇقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. پوپمۇ ئۇ بىچارىنىڭ ئۆزىنى كۆرسە بولمايدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. ئارقىدىنلا ئۇ خوتۇن ھېلىقى ئېسىل يېمەكلىكلەرنى تام مەشنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويۇپتۇ، بولمىسا ئېرى بۇ نەرسىلەرنى كىمگە تەييارلىغانلىقىنى دەپ ئۇنى سوراققا تارتىدىكەن.

كىچىك كىراۋوس ئۇستەلنىڭ ئۇستىدىكى نازۇنېمەتلەرنىڭ بىردەمدىلا غايىب بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ «ئىسىت» دەپ بارمىقىنى چىشلەپ قاپتۇ، ئۆزىمۇ بىلمەستىن ئاۋازى تېشىغا چىقىپ كېتىپتۇ.

دېھقان بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— سەن كىم؟ نېمىشقا بۇ يەردە ياتىسەن؟ يۈر، مەن بىلەن ئۆيگە كىرگىن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن كىراۋوس ئۆزىنىڭ يولدىن قانداق ئېزىپ قالغانلىقىنى، ياتقۇدەك بىرەر جاي تاپالماي ئاشۇ لاپاسنىڭ ئۇستىدە ياتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ھە، ئەسلىدە مۇنداق ئىش ئىكەن ـ دە، — دەپتۇ دېھقان، — ئۆيۈمدە بىر كىچە ياتساڭ بولىدۇ، ئالدىدا قورساققا بىرنېمە يەيلى.

دېھقاننىڭ ئايالى ئۇ ئىككىسىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ داستىخان سېلىپتۇ، ئاندىن بىر تاۋاقتىن ئوماچ ئۇسسۇپ بېرىپتۇ. قورسىقى ئېچىپ كەتكەن دېھقان ئوماچنى ئىشتىھا بىلەن ئىچىپتۇ، لېكىن دوخوپكىنىڭ ئىچىگە تىقىقلىق كاۋاپ، بېلىق، تورتلار كۆز ئالدىغا كېلىۋالغان كىچىك كىراۋوسنىڭ ئوماچقا زوقى

تارتماپتۇ.

ئۇ ئاتىنىڭ تېرىسى سېلىنغان تاغىرىنى ئۇستەلنىڭ ئاستىغا، پۇتىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغانىكەن، شۇڭا ئۇماچنى ئىچكۈسى كەلمىگەنسېرى خالتىغا دەسسەۋېرىپتۇ. ئۇ ھەربىر دەسسىگەنچە، تاغارنىڭ ئىچىدىكى قۇرۇپ قالغان ئاتنىڭ تېرىسىدىن «غىچ، غىچ» قىلغان ئاۋاز چىقىدىكەن.

ئۇ ئاۋاز چىقارما دېگەندەك قىلىپ، خالتىغا قاراپ:

— تىنچ ! — دەپتۇ، ئاندىن تاغارنى تېخىمۇ قاتتىقراق دەسسەپ قويۇپتۇ. خالتىدىن بايىقىدىنمۇ قاتتىق ئاۋاز چىقىپتۇ.

— ۋاي خۇدايىم، تاغىرىڭدا نېمە بارتى؟ — دەپ سوراپتۇ دېھقان.

— ھە، بىر سېھىرگەر بار، — دەپتۇ كىچىك كراۋۇس، — ئۇ بىزگە ئۇماچ ئىچمەڭلار، مەن سىلەر ئۈچۈن كاۋاپ، بېلىق، تورت تەييارلاپ تام مەشنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدۇم دەۋاتىدۇ.

— نېمە؟ — دېھقان ئىككى سەكرەپ بېرىپلا تام مەشنى ئېچىپتىكەن، ئىچىدە خوتۇنى تىقىپ قويغان نازۇنېمەتلەر تۇرغان. خوتۇنى ئۇنىنىمۇ چىقىرالماستىن ئۇ نەرسىلەرنى ئەكېلىپ ئۇستەلگە تىزىپتۇ. دېھقانمۇ كىچىك كراۋۇسنىڭ تاغىرىدىكى سېھىرگەرگە بارىكاللا ئېيتىپ، بۇ نېمەتلەرنى كىچىك كراۋۇس بىلەن مەززە قىلىپ يەپتۇ.

كىچىك كراۋۇس تاغىرىغا يەنە دەسسەپ قويۇپتىكەن، ئىچىدىكى تېرە يەنە غىچىرلاپ كېتىپتۇ.

— بۇ قېتىم ئۇ يەنە نېمە دەۋاتىدۇ؟— دەپ سوراپتۇ دېھقان.

— بۇ قېتىم ئۇ، سىلەرگە ئۇچ بوتۇلكا ۋىنو تەييار قىلدىم، ئۇلارمۇ تام مەشىنىڭ ئىچىدە دەۋاتىدۇ، — دەپتۇ كىچىك كىراۋوس.

دېھقاننىڭ خوتۇنى ئامالسىز تىمقىپ قويغان ۋىنولىرىنى ئەكەپتۇ. هاراق - شارابتىن كەيپى چاغ بولغان دېھقاننىڭ كىچىك كىراۋوسنىڭ تاغىرىدىكى سېھىرگەرگە ئىگە بولغۇسى كېلىپ:

— سېھىرگەرنىڭ ئالۋاستىنىمۇ پەيدا قىلالامدۇ؟ — دەپتۇ دېھقان، — مېنىڭ كەيپىم بەكمۇ چاغ، شۇڭا ئالۋاستىنىمۇ كۆرۈپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ كىچىك كىراۋوس، — سېھىرگىرىمدىن نېمىنى تەلەپ قىلسام، ئۇ شۇ هامان بەجا كەلتۈرىدۇ. شۇنداقمۇ، سېھىرگىرىم؟ — ئۇ شۇنداق دەپلا تاغارنى يەنە بىر دەسسەپتىكەن، تاغارنىڭ ئىچىدىكى تېرە غىچىرلاپ كېتىپتۇ، — سەن ئۇنىڭ ماقۇل دېگىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ بىراق، ئۇ ئالۋاستى بەك سەت، كۆرگۈچىلىكى يوق، دەۋاتىدۇ.

— مەيلى، مەن هەرگىز قورقمايمەن. ئۇ ئالۋاستىنىڭ ئەپتى قانداق ئىكەن؟

— ئەپت - بەشىرىسى مۇشۇ يەرنىڭ پوپىغا ئوخشايدىكەن.

— ۋايەي، راستىنلا سەتكەن. بىلمەيسەن، مېنىڭ ئۇ پوپنى كۆرەر كۆزۈم يوق، بىراق، هازىر مەيلى، چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن -

دە، هازىر خېلى ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم، شۇنداقتىمۇ ئۇنى ماڭا بەك يېقىن ئەكەلمە.

— ئۇنداق بولسا، مەن بۇنى سېھىرگەرمدىن سوراپ باقاي، — كىچىك كراۋوس شۇنداق دەپ تاغارنى يەنە بىر دەسسەپ قويۇپتۇ، ئاندىن بېشىنى سىڭايان قىلىپ قۇلىقىنى تاغارغا تۇتۇپتۇ.

— ئۇ نېمە دەيدۇ؟

— ئۇ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ساندۇقنى ئاچ، ئالۋاستى شۇنىڭ ئىچىدە، دەيدۇ. بىراق، ئالۋاستىنىڭ قىپقىزىل كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇشۇڭ كېرەك ئىكەن.

— سەن ئۇنى چىڭ بېسىۋال، بولامدۇ؟ — دەپتۇ دېھقان، ئاندىن ساندۇققا ئاستا يېقىنلىشىپتۇ. ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى پوپنىڭ بۇ چاغدا قورققىنىدىن جېنى چىقىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ.

دېھقان ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاستا ئېچىپ ئىچىگە شۇنداق قاراپلا:

— ۋايجان ! — دەپ كەينىگە داجىپتۇ، — ئۇ راستىنلا پوپنىڭ ئۆزىلىكەن. يائالla، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى يەنە يەپ - ئىچىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار يېرىم كېچىگىچە يەپ - ئىچىپتۇ.

— سېھىرگەرنىڭنى ماڭا سېتىپ بەر، — دەپتۇ دېھقان، — قانچە پۇلغا ساتىمەن دېسەڭ، قورۇنماي دېگىن. قانچىلىك پۇل كەتسىمۇ مەيلى.

— ياق، ساتمايمەن، — دەپتۇ كراۋوس، — ئويلاپ

باقمامسەن، مەن ئۇنىڭدىن قانچىلىك نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشىمەن.

— ئەستاغپۇرۇللا، ئۇنى بەكمۇ سېتىۋالغۇم بار ئىدى، — دەپ توختىماي يالۋۇرۇپتۇ دېھقان.

— بوپتۇ، بۇگۈن تالادا قالسام ئۆيۈڭدە قوندۇردۇڭ، ماڭا ياخشىلىق قىلدىڭ. شۇڭا بىر كورە تەڭگىگە سېتىپ بېرەي. لىق بىر كورە پۇلغا جۇمۇ، — دەپتۇ كىراۋوس.

— ئەمىسە پۇتۇشتۇق. لېكىن، ئاۋۇ بۇلۇڭدىكى ساندۇقنى سەن ئېلىپ كەت، ئۇنى ئۆيۈمدە بىر مىنۇتمۇ تۇرغۇزغۇم يوق. ئالۋاستى ھېلىمۇ ئىچىدىمۇ تېخى.

كىچىك كىراۋوس ئاتىنىڭ تېرىسى بار تاغارنى لىق بىر كورە تەڭگىگە تېگىشىپتۇ. دېھقان ئۇنىڭ پۇل بىلەن ساندۇقنى ئېلىپ كېتىشى ئۈچۈن بىر قول ھارۋىسىنىمۇ قوشۇپ بېرىپتۇ.

— خەير - خوش! — كىچىك كىراۋوس تەڭگە بىلەن ساندۇقنى ھارۋىغا بېسىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

كەنتنىڭ سىرتىدا چوڭقۇر بىر دەريا بار ئىكەن. ئۇنىڭ سۈيى بەك تېز ئاققاچقا، ھېچكىم ئۇنىڭدىن ئۈزۈپ ئۆتەلمەيدىكەن.

كىچىك كىراۋوس كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە توختاپتۇ - دە، پوپنى ئاڭلىسۇن، دەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— بولمىدى، بۇ ئېغىر كاساپەتنى قانداقمۇ قىلارمەن؟ ساندۇق دېگەنمۇ مۇشۇنداق ئېغىر بولامدۇ؟ خۇددى ئۇنىڭ ئىچىگە تاش قاچىلاقلىقتەك. ھېرىپ ھالىمدىن كېتەيلا دېدىم، بۇنداق جاپا تارتقۇچە ئۇنى

دەرياغا تاشلىۋېتەيچۇ. ئېقىپ ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا بارغاندا سۇزۇۋالايمەنمۇ. ئېقىپ بارمىسىمۇ مەيلى، خالىغان يېرىگە ئېقىپ كېتىۋەرسۇن.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا خۇددى راست تاشلىۋېتىدىغاندەك ساندۇقنى ئېگىز كۆتۈرۈپتۇ.

— ئۇنداق قىلما، تاشلىما! — دەپ توۋلاپ كېتىپتۇ پوپ، — مېنى چىقىرىۋەت.

— ۋاي، خۇدايىم، — دەپتۇ كىچىك كراۋوس قورقۇپ كەتكەندەك، — ئالۋاستى تېخىچە ساندۇقنىڭ ئىچىدىكەن ئەمەسمۇ. ساندۇقنى دەرھال سۇغا تاشلاپ، ئۇنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمىسەم بولمىدى.

— ۋايجان، ئۇنداق قىلما، مېنى تاشلىما! تاشلىمىساڭ، لىق بىر كۇرە تەڭگە بېرىمەن! — دەپ توۋلاپ كېتىپتۇ پوپ.

— ھە، بۇ گېپىڭ قۇلاققا ياقىدۇ، — كىچىك كراۋوس ساندۇقنى ئېچىپتۇ. پوپ ئالمان - تالمان ساندۇقتىن چىقىپ، ساندۇقنى ئىتتىرىۋېتىپتۇ، ئاندىن ئۆيىگە بېرىپ كراۋوسقا بىر كۇرە تىللا بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ كىچىك كراۋوس ئىككى كۇرە تىللالىق بولۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭ هارۋىسى تەڭگىگە لىق تولۇپتۇ.

«ماۋۇ ئىشنى كۆرمەمدىغان، ئېتىمنى ئەجەب ئوبدان پۇل قىلىۋالدىم دېسە،» دەپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ كېتىپتۇ كىچىك كراۋوس.

ئۇ ئۆيىگە كىرىپ تەڭگىلىرىنى يەرگە تۆكۈپتىكەن، بىر دۆۋە بوپتۇ.

— چوڭ كراۋوس ئېتىمنىڭ شۇنچە پۇلغا



يارىغىنىنى ئاڭلىسا چىدىمايدۇ، ئۇنىڭغا ھازىرچە راست گەپنى ئېيتماي تۇراي.

ئۇ بىر كىچىك بالىنى چوڭ كىراۋۇسنىڭ ئۆيىگە كۇرىسىنى ئارىيەت ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ.

«تۇۋا، ئۇ كۇرىنى نېمە قىلىدىغاندۇ؟» دەپ ھەيران بوپتۇ چوڭ كىراۋۇس ۋە كۇرىنىڭ ئاستىغا ئازراق كوكس مېيى سۇركەپ قويۇپتۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا، كۇرىدە نېمىلا ئۆلچىمىسۇن ئاستىغا چاپلىشىپ قالىدىكەن. دېگەندەك، كىچىك كىراۋۇس كۇرىنى قايتۇرۇپ بەرگەندە، كۇرىنىڭ ئاستىغا سەككىز پۇللۇق تەڭگىدىن ئۈچى چاپلىشىپ قاپتۇ.

چوڭ كراۋوس: «بۇ نېمە ئىشتۇ؟» دېگىنىچە كىچىك كراۋوسنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ - دە:

— شۇنچىۋالا جىق پۇلنى قانداق تاپتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قانداق تاپاتتىم، ئېتىمنىڭ تېرىسىنى سېتىپ تاپىمدىم، ئاخشام ئۇنى سېتىۋەتتىم.

— تازا جايىدا سېتىپسەن جۇمۇ.

چوڭ كراۋوس دەرھال ئۆيىگە قايتىپتۇ - دە، تۆت ئېتىنىڭ بېشىنى پالتا بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، ئاندىن تېرىسىنى شىلىپ هارۋىغا بېسىپ بازارغا ئاپىرىپتۇ.

— تېرە ساتىمەن، تېرە! تېرە ئالىدىغان ئادەم بارمۇ؟ — ئۇ كوچىمۇكوچا توۋلاپتۇ.

موزدۇزلار بىلەن تېرىپۇرۇشلار كېلىپ ئۇنىڭ تېرىلىرىنىڭ باهاسىنى سوراپتىكەن، ئۇ:

— بىر پارچە تېرىنى بىر كۈرە تەڭگىگە ساتىمەن، — دەپتۇ.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ — دېيىشىپتۇ خېرىدارلار، — بىزنى پۇلنى كۈرىلەپ خەجلەيدۇ، دەپ ئويلامسەن؟

چوڭ كراۋوس توختىماستىن:

— تېرە ساتىمەن، تېرە، — دەپ ۋارقىراۋېرىپتۇ، — خېرىدار چىقسا، «بىر پارچە تېرىنى بىر كۈرە تەڭگىگە ساتىمەن» دەۋېرىپتۇ.

ئۇ بىزنى ئەخمەق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان خېرىدارلارنىڭ چىشى راسا قېرىشىپتۇ - دە، موزدۇزلار تاسمىلىرى بىلەن، تېرىپۇرۇشلار پەشتامىلىرى بىلەن

ئۇنى راسا ساۋىداپتۇ. چوڭ كىراۋوس قېچىپتۇ، كىشىلەر كەينىدىن قوغلىغاچ:

— مانا تېرە سات ! مانا ساڭا تېرە ! خەپ، سېنى قانغا بويالغان چوشقا تېرىسىدەك قىلىۋەتمەيدىغان بولساق ! — دەپ ئۇرۇپتۇ.

چوڭ كىراۋوس ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىپتۇ. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق تاياق يەپ باقمىغانىكەن.

ئۇ ئۆيگە ئاران قېچىپ كېلىۋاپتۇ - دە، ئەلىمىگە چىدىماي:

«خەپ، جىمى زىيىنىمنى كىچىك كىراۋوسقا تۆلەتمەيدىغان بولسام، بولمىسا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن،» دەپ كېتىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا، كىچىك كىراۋوسنىڭ مومىسى قازا قىلغانىكەن. گەرچە ئۇ موماي ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، يەنە كېلىپ كىچىك كىراۋوسقا ئۇنچە كۆيۈنمەيدىغان بولسىمۇ، كىچىك كىراۋوسنىڭ يەنىلا كۆڭلى يېرىم بوپتۇ. ئۇ مومىسىنى ئۆزىنىڭ ئىسسىق كارىۋىتىدا ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى ئورۇندۇقتا تۈگۈلۈپ يېتىپ ئۇخلاۋاتقانىكەن.

يېرىم كېچىدە ئۇ تازا شېرىن ئۇيقۇغا چۆشكەندە، ئىشىك ئېچىلىپتۇ. ئۇ ئويغىنىپ شۇنداق قارىسا، چوڭ كىراۋوس قولىدا پالتا، كىرىپ كېلىۋاتقۇدەك. ئۇ كىچىك كىراۋوسنىڭ كارىۋىتىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمىگەچكە كارىۋاتتا ياتقىنى كىچىك كىراۋوس دەپ ئويلاپ ئۇدۇل كەلگىنىچە كىچىك كىراۋوسنىڭ مومىسىنى چېپىۋېتىپتۇ.



— ھە، مېنى كولدۇرلاتقىنىڭغا تويدۇڭمۇ؟ ئەمدىغۇ مېنى ئالدىيالماسسەن! — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە چىقىپ كېتىپتۇ.

«ياپىر، ئەجەب قارا كۆڭۈل نېمىكەنە ئۇ، — دەپ يۇرىكىنى تۇتۇپتۇ كىچىك كراۋۇس، — قاراپ تۇرۇپ مېنى چانىۋېتەركەن. ھېلىمۇ ياخشى مومام ئۆلۈپ كېتىپتىكەن، بولمىسا ئۇ ساق قالماس ئىكەن».

ئۇ مومىسىنى چىرايلىق كىيىندۇرۇپتۇ، قوشنىسىنىڭ ئېتىنى سوراپتۇ، ئاتنى ھارۋىغا قېتىپ، مومىسىنى ھارۋىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ.

ئۇ ھارۋىنى ھەيدەپ ئورمانلىقتىن ئۆتۈپتۇ، كۈن چىققاندا بىر سارايىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. كىچىك كراۋۇس ھارۋىسىنى سارايىنىڭ ئالدىغا توختىتىپ قويۇپ، يېگۈدەك بىرنېمە سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئىچىگە كىرىپتۇ.

سارايىنىڭ خوجايىنى ناھايىتى پۇلدار، ياخشى ئادەم ئىكەن، ئەمما مىجەزى بەكلا چۇس ئىكەن.

— ئەتىگەنلىكىنىڭ خەيرلىك بولسۇن، — دەپتۇ ئۇ كىچىك كراۋۇسقا قاراپ، — بۇنچە ئەتىگەندە ياسىنىپ نەگە ماڭدىڭ؟

— مومامنى شەھەرگە ئەكىرىپ چىقاي دېۋىدىم، ئۇ ھارۋىدىن چۈشكىلى ئۇنىمىدى. ئېغىر كۆرمەي بۇ مەينى ئۇنىڭغا ئاچىقىپ بەرسەڭ بوپتىكەن، ئۇنىڭغا چىڭراق گەپ قىل جۇمۇ، ئۇنىڭ قۇلىقى گاس، — دەپتۇ كىچىك كراۋۇس.

— ماقۇل، — خوجايىن بىر قەدەھكە مەي قۇيۇپ كىچىك كىراۋوسنىڭ ئۆلگەن موممىسىنىڭ قېشىغا چىقىپ كېتىپتۇ.

— بۇ مەينى نەۋرىڭىز چىقاردى، — دەپ قەدەھنى مومايغا تەڭلەپتۇ خوجايىن. لېكىن، موماي زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرغۇدەك.

— ئاڭلىمايۋاتامسىز؟ — دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپتۇ خوجايىن، — نەۋرىڭىز سىزگە مەي چىقاردى دەۋاتىمەن.

خوجايىن قايتا - قايتا ۋارقىراپ گەپ قىلغان بولسىمۇ، موماي پېتىنى بۇزماي ئولتۇرىۋېرىپتۇ. سەۋر قاچىسى توشقان خوجايىن ئاخىر قەدەھنى مومايىنىڭ بېشىغا ئېتىپتۇ. يۈز - كۆزى مەي بىلەن بۇلغانغان موماي ئوڭدىسىغا چۈشۈپتۇ. چۈنكى، ئۇ مۇنداقلا يۆلەپ قويۇلغانىكەن.

— ۋاي ... داد ! — كىچىك كىراۋوس ئاشخانىدىن ئېتىلىپ چىقىپ خوجايىنىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتۇ، — قاراپ تۇرۇپ مومامنى ئۆلتۈرۈۋېتىپسەن، قارىمامسەن، ئۇنىڭ بېشىنى يېرىۋېتىپسەن !

— بۇ بىر كېلىشمەسلىك بولدى، — دەپ ئۆزرە قويۇپتۇ خوجايىن، — ئاچچىقىمنى باسالماي قاپتىمەن. كىچىك كىراۋوس، مېنى ئەپۇ قىلساڭ. ساڭا بىر كۈرە پۇل بەرسەم، ئاندىن موماڭنى ئۆزۈمنىڭ موممىسىدەك يەرلىكتە قويسام، بۇ گەپنى داۋراڭ سېلىپ يۈرمىسەڭ، بولمىسا مەنمۇ كاللامدىن ئايرىلىمەن.

شۇنداق قىلىپ، كىچىك كىراۋوس نۇرغۇن پۇللۇق

بولۇپ قاپتۇ، مومىسىنىمۇ خوجايىن ئۇنىڭ ئورنىدا لايىقىدا يەرلىكىدە قويۇپتۇ.

ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چوڭ كراۋوسنىڭكىدىن كۆرە ئەكىلىش ئۇچۇن يەنە بالا ئەۋەتىپتۇ.

«ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ. ئۆتكەن كۈنى ئۇنى چانىۋەتكەن ئەمەسمىدىم، ئۇ ئۆلمىگەن ئوخشىمامدۇ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كېلەيچۇ» ئۇ شۇنداق دېگىنىچە كۈرىنى ئېلىپ كىچىك كراۋوسنىڭ ئۆيگە كەپتۇ.

— ۋاي، خۇدايىم، بۇنچە پۇلنى نەدىن ئالدىڭ؟— پۇلنى كۆرۈپ چوڭ كراۋوسنىڭ كۆزلىرى چۆچەكتەك يوغىناپ كېتىپتۇ.

— سەن مېنى ئەمەس، مومامنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭ، مەن ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى بىر كۈرە پۇلغا ساتتىم، — دەپتۇ كىچىك كراۋوس.

— ئۇ خوتۇننىڭ ئۆلۈكى ئەجەب پۇلغا ياراپتۇ دېسە، — دەپتۇ چوڭ كراۋوس. ئۇ ئالدىراپ ـ سالدىراپ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، مومىسىنى پالتا بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈپتۇ، ئاندىن ئۇنى هارۋىغا سېلىپ شەھەرگە ئەكىرىپتۇ. ئۇ دورىگەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆلۈك ئالامسىز، دەپ سوراپتىكەن، دورىگەر ئۇنىڭدىن:

— ئۇ كىمنىڭ ئۆلۈكى؟ قەيەردىن ئەكەلدىڭ؟— دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ مېنىڭ مومام، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چوڭ كراۋوس، — مەن ئۇنى چاناپ ئۆلتۈرۈۋەتتىم، ئەمدى ئۆلۈكىنى بىر كۈرە تەڭگىگە ساتايمىكىن دەيمەن.

— ۋاي، خۇدايىمەي، — تۇۋلاپ كېتىپتۇ دورىگەر — ئاغزىمغا كەلدى دەپ سۆزلەۋەرمە، بولمىسا كالىلاڭدىن ئايرىلىسەن.

ئاندىن ئۇ چوڭ كراۋوسقا، ئۇنىڭ كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى، بۇنداق گۇناھنى پەقەت ئادەمنىڭ ئەڭ ئەسكىسى سادىر قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ گۇناھىغا بېرىلىدىغان جازانىڭمۇ ئىنتايىن ئېغىر بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتىكەن، چوڭ كراۋوس شۇنداق قورقۇپ كېتىپتۇ.

ئۇ دەرھال هارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، ئېتىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ ئۆيى تەرەپكە مېڭىپتۇ. كىشىلەر ئۇنى ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇماي، ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بېرىپتۇ.

ئۇ چوڭ يولدا ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە: «خەپ كىچىك كراۋوس، مەن سېنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيمەن ! » دەپتۇ.

ئۇ ئۆيىگە كېلىپلا يوغان تاغاردىن بىرنى ئېلىپ، كىچىك كراۋوسنىڭكىگە كەپتۇ.

— سەن مېنى يەنە بىر قېتىم كولدۇرلاتتىڭ ! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئۇ، — دەسلەپتە گېپىڭگە ئىشىنىپ ئۆز قولۇم بىلەن تۆت ئېتىمنى چانىۋەتتىم. ئەمدى قويۇپ مومامنىڭ بېشىغا چىقتىم. ئەمدى قولۇمدىن قېچىپ كەتكىنىڭنى بىر كۆرەي، — ئۇ بېرىپلا كىچىك كراۋوسنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ تاغارغا سېپتۇ - دە، — بۇ قېتىم سېنى دەرياغا تاشلاپ، سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام، — دەپ ئېلىپ مېڭىپتۇ.

دەريانىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك كراۋوس تولا تېپىرلاپ ئۇنىڭ «ئۇھ» دېگۈچىلىكىنى قويماپتۇ. ئۇ مىڭ بىر جاپادا بىر چېركاۋنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. چېركاۋدىن بەكمۇ يېقىملىق مۇناجات ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. چوڭ كراۋوس: «بىردەم مۇناجات ئاڭلاپ چىقايچۇ، كىچىك كراۋوس تاغارنىڭ ئىچىدىن ھەرگىز قېچىپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ، ھەممە ئادەم ئىبادەتتە، سىرتتا ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالغۇدەك ئادەممۇ يوق» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، كىچىك كراۋوس سولاقلىق تاغارنى چېركاۋنىڭ تېمىغا يۆلەپ قويۇپ ئۆزى ئىچكىرىگە كىرىپتۇ.

كىچىك كراۋوس تاغارنىڭ ئىچىدە: «ئاھ، خۇدا! مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىن» دەپ يۇلقۇنۇپ بېقىپتۇ، يۇمىلاپ بېقىپتۇ، ھېچقانداق قىلىپ تاغاردىن چىقىپ كېتەلمەپتۇ.

دەل شۇ چاغدا، ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي كالا پادىسىنى ھەيدەپ بۇ يەردىن ئۆتۈپ قاپتۇ. كالىلار كىچىك كراۋوس سولاقلىق تاغارغا پۇتلىشىپ، ئۇنى ئۆرۈۋېتىپتۇ.

ــ ۋاي، قانداق قىلارمەن، ياپياش تۇرۇپ جەننەتكە بولۇپ كېتىدىغان بولدۇم، ــ دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ كىچىك كراۋوس.

ــ ئاھ، خۇدا، يېشىممۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. مەن بىچارىگە شۇ جەننەت ئەجەب نېسىپ بولمايۋاتىدۇ دېسە، ــ دەپ زارلىنىپتۇ پادىچى بوۋاي.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان كىچىك كراۋوس دەرھال:

— ئۇنداق بولسا تاغارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ مېنى چىقىرىۋېتىپ، سىز كىرىڭ، شۇ ھامان جەننەتنىڭ ئىشىكى سىزگە ئېچىلىدۇ، — دەپتۇ.

— ۋاي، ماقۇل، شۇنداق قىلاي، — دەپتۇ بوۋاي، ئاندىن بېرىپ كىچىك كراۋوسنى تاغاردىن چىقىرىۋېتىپتۇ، — ئۇنداق بولسا، كالىلار سېنىڭ، جەننەت مېنىڭ بولسۇن.

ئۇ گەپ قىلغاچ ئالمان - تالمان تاغارغا كىرىپ بوپتۇ. كىچىك كراۋوس تاغارنىڭ ئاغزىنى مەھكەم باغلاپ، بىر توپ كالىنى ھەيدەپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

ھايال ئۆتمەي چوڭ كراۋوس چېركاۋدىن چىقىپ تاغارنى ئۆشنىسىگە ئاپتۇ - دە، دەريا تامان يول ئاپتۇ. ھەيران قالارلىق يېرى، تاغار بايامقىدىن يەڭگىللەپ قاپتۇمىش. چۈنكى، بوۋاينىڭ ئېغىرلىقى كىچىك كراۋوسنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ يېرىمىغىمۇ توغرا كەلمەيدىكەن.

«توۋا، تاغار ئەجەب يەڭگىللەپ قاپتۇ دېسە، قىلغان دۇئا - تىلاۋىتىم ماڭا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغان بولسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپتۇ چوڭ كراۋوس.

ئۇ ئاشۇنداق ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلىپ مېڭىپ دەريا بويىغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ دەريا كەڭ ھەم چوڭقۇر ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆشنىسىدىكى تاغارنى دەرياغا تاشلىۋېتىپ:

— كىچىك كراۋوس، ئەمدى سەن مېنى مەڭگۈ ئەخمەق قىلالمايسەن ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئۇ ئارقىسىغا يېنىپ تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىغا



كېلىپ شۇنداق قارىسا، كىچىك كىراۋوس بىر پادا كالىنى ھەيدەپ ئىسقىرتقىنىچە كېلىۋاتقۇدەك.

— توۋا قىلدىم خۇدايىم، بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ ياقىسىنى تۇتۇپتۇ چوڭ كىراۋوس، — مەن سېنى دەرياغا تاشلىۋەتكەنتىمغۇ، تېخى ئۆلمىدىڭمۇ؟

— دېگىنىڭ راست، يېرىم سائەت ئىلگىرى سەن مېنى دەرياغا تاشلىۋەتكەن.

— ئەمىسە سەن بۇنچە جىق كالىنى قەيەردىن ئالدىڭ؟— دەپ سوراپتۇ چوڭ كىراۋوس.

— بولار دېگەن دېڭىز كالىلىرى، — دەپتۇ كىچىك كىراۋوس، — مەن بۇ قىزىق ھېكايىنى يېپىدىن-يېڭىنىسىگىچە ساڭا دەپ بېرەي. مېنى دەرياغا تاشلىۋەتكىنىڭگە مىڭ رەھمەت، مانا، ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، شۇ ۋەجىدىن مەن باي بولۇپ كەتتىم. ئىشىنەمسەن، ئىشەنمەمسەن، ئىختىيارىڭ، سەن مېنى تاغارغا تىقىپ قويغىنىڭدا قاتتىق قورقاندىم، دەريادىكى مۇزدەك سۇغا تاشلىغان چېغىڭدا، قۇلىقىمغا شامالنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايلا، سۇنىڭ تېگىگە چۇشۇپ كەتتىم، لېكىن پەقەت قاتتىق چۇشمىدىم. نېمىشقا دېسەڭ، سۇنىڭ تەكتى خۇددى

مەخمەل كۆرپىدەك يۇمشاق چۆپلۈك ئىكەن. مەن چۆپلۈككە چۈشۈشۈم بىلەنلا تاغارنىڭ ئاغزى ئۆزىچىلا يېشىلىپ كەتتى، ئاپئاق كىيىنگەن، بېشىغا يېشىل گۈلچەمبىرەك كىيىۋالغان بىر گۈزەل قىز قولۇمدىن تارتىپ تۇرغۇزۇپ: «كەلدىڭىزمۇ، كىچىك كراۋوس، ئالدىدا سىزگە بۇ نەچچە كالىنى بېرەي، ئالدىڭىزغا يەنە بىر چاقىرىم ماڭسىڭىز، بىر توپ كالا ئۇچرايدۇ، ئۇ كالىلارنىمۇ سىزگە بېرىۋېتەي» دېدى. مەن شۇنداق قاراپلا، دەريا، سۇدا ياشايدىغانلارنىڭ ماڭىدىغان چوڭ يولى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم. ئۇلار شۇ يول ئارقىلىق هارۋىلىق ياكى پىيادە مېڭىپ قۇرۇقلۇققا چىقىدىكەن. سۇنىڭ ئاستى گۈل ـ گىياھلارغا تولغان، شۇنداق چىرايلىق ئىكەن. بېلىقلار خۇددى ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلاردەك لەرزان يەلپۈنۈپ تۇرغان ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا ئەركىن ئۈزۈپ يۈرىدىكەن. ئۇ يەردە ياشايدىغان ئادەملەر بەك ياخشى ئىكەن. ھەتتا كالىلىرىمۇ مانا سەن كۆرگەندەك مۇشۇنداق چىرايلىق ئىكەن.

— ئەمىسە نېمىشقا يەنە بۇ يەرگە قايتىپ چىقتىڭ؟ مەن بولسام، ئۇنداق راھەت يەرنى تاشلاپ بۇنداق جاپالىق يەرگە ھەرگىز چىقمايتتىم، — دەپتۇ چوڭ كراۋوس.

— دېگىنىڭ توغرا، بۇنداق قىلىشىمنىڭ سەۋەبى بار. بايا ساڭا ھېلىقى قىز ماڭا، ئالدىڭدا، بىر چاقىرىم يىراقلىقتا يەنە بىر توپ كالا ئۇچرايدۇ، دېدى دېدىمغۇ؟ — دەپتۇ كىچىك كراۋوس، — لېكىن، ئۇلارنىڭ چوڭ يولى بولغان بۇ دەريانىڭ ئەگىمىسى بەكمۇ تولا ئىكەن. شۇڭا



ئەگرى ـ بۈگرى يولدا ئارتۇقچە ماڭماي، دەريادىن چىقىپ، ئېتىزلىقلارنى ئۇدۇل كېسىپ مېڭىپ، يەنە بىر يەرگە كەلگەندە دەرياغا چۈشۈپ ماڭسام، يولۇمنىڭ يېرىمى قىسقارمامدۇ، دەپ ئويلاپ مۇشۇنداق قىلدىم.

— ئامىتىڭ بار جۇمۇ، — دەپتۇ چوڭ كىراۋۇس، — قېنى دەپ باقە، مەنمۇ دەريانىڭ ئاستىغا چۈشسەم،

ئاشۇنداق چىرايلىق كاللارغا ئىگە بولالامدىمەن؟

— مېنىڭچە، چوقۇم ئىگە بولالايسەن. بىراق، سېنى تاغارغا سېلىپ دەريا بويىغا يۇدۇپ ئاپىرالمايمەن، نېمىشقا دېگەندە، سەن تۇگمەن تېشىدەك ئېغىر. شۇڭا، ئۇ يەرگە ئۆزۈڭ مېڭىپ بېرىپ، تاغارغا ئۆزۈڭ كىرسەڭ، قىلغان ياخشىلىقىم شۇ بولۇپ قالار، مەن سېنى تاغار بىلەنلا دەرياغا تاشلىۋېتەرمەن، — دەپتۇ كىچىك كراۋوس.

— ۋاي، رەھمەت ساڭا، — دەپ كېتىپتۇ چوڭ كراۋوس، — لېكىن، گەپنى يۇزدە قىلغان ياخشى. ناۋادا، مەن ئۇ يەرگە چۈشۈپ دېڭىز كاللىرىغا ئىگە بولالمىسام، قايتىپ چىققاندىن كېيىن كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن جۇمۇ.

— ۋاي، قانداق قىلاي، ئۇنچە باغرى تاشلىق قىلماسسەن، ھەرقانچە بولسىمۇ.

ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ، ئۇلار دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇسساپ كەتكەن كاللار سۇنى كۆرۈپ قىرغاققا يۈگۈرۈپتۇ.

— كۆردۈڭمۇ، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېتىشكە ئالدىراپ كەتكەنلىرىنى، — دەپتۇ كىچىك كراۋوس.

— ۋاي، كۆرمەمدىغان! — دەپتۇ چوڭ كراۋوس، — گەپنى ئاز قىلىپ مېنى دەرھال دەرياغا تاشلا، بولمىسا ئەدىپىڭنى بېرىمەن.

چوڭ كراۋوس ئالدىراپ - سالدىراپ تاغارنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ، ئاندىن كىچىك كراۋوسقا:

— ئىتتىكرەك چۆكۈشۈم ئۈچۈن تاغارنىڭ ئىچىگە



يەنە ئازراق تاش سېلىپ قويغىن، — دەپتۇ.

— تولا غەم قىلمىغىنا، چوقۇم چۆكۈپ كېتىسەن.

ئۇ چوڭ كراۋوسنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، تاغارنىڭ ئىچىگە چوڭ تاشتىن بىرنى سېلىپ ئاغزىنى چىڭ بوغۇپتۇ، ئاندىن تاغارنى بىرلا كۈچەپ ئىتتىرىپ دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ. «پولتۇڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، چوڭ كراۋوس دەرياغا غەرق بوپتۇ.

«ھەي، ئۇ كالا تۈگۈل، كالىنىڭ بىرەر تال تۈكىگىمۇ ئېرىشەلمەسمىكىن» دەپتۇ كىچىك كراۋوس، ئاندىن كالىلىرىنى ھەيدەپ ئۆيىگە قاراپ يول ئاپتۇ.

# كۆك پۇرچاق بىلەن مەلىكە

بۇرۇنقى زاماندا بىر شاھزادە ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىرەر مەلىكىنى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. لېكىن، ئالغان خوتۇنى چوقۇم ھەقىقىي مەلىكە بولۇشى شەرت ئىكەن. ئۇ پۈتۈن دۇنيانى كېزىپ كۆڭلىدىكىدەك مەلىكىنى ئىزدەپتۇ، نۇرغۇن مەلىكىنى ئۇچرىتاتقان بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقىي مەلىكىنى زادىلا تاپالماپتۇ. ئۇ مەلىكىلەرنىڭ بىر يېرىدىن بولمىسا بىر يېرىدىن قۇسۇر چىقىپ قالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆڭلى يېرىم ھالدا ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ.

بىر كۈنى كېچىسى ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، دەھشەتلىك قارا يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا، بىرى ئىشىكنى چېكىپتۇ. پادىشاھ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ.

مانا، قاراڭ، بوسۇغىدا بىر مەلىكە تۇرغۇدەك، ئۇ مەلىكىنىڭ ئۈستىبېشى شۇنچىلىك ھۆل بولۇپ كېتىپتۇكى، ئەييۇھەنناس، بېشىدىن ئاققان سۇ كەشىنىڭ ئالدىدىن كىرىپ، كەينىدىن چىقىپ كېتىۋاتقۇدەك، ئۇ ئۆزىنى مەن راست مەلىكە، دەپتۇ.

— بوپتۇ، بۇنى بىز ئاسانلا ئايرىۋالىمىز، — دەپتۇ خانىش ئۇ مەلىكىگە.

شۇنىڭ بىلەن خانىش ھۇجرىغا كىرىپ كارىۋاتتىكى ھەممە نەرسىنى ئېلىۋېتىپتۇ ـ دە، كارىۋاتقا بىر تال كۆك پۇرچاق قويۇپ، ئۈستىگە يىگىرمە كۆرپە، يىگىرمە يوتقان سېلىپ قويۇپتۇ.

ھېلىقى مەلىكە شۇ نەرسىلەرنىڭ ئۈستىدە يېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەن ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا، كۆپچىلىك ئۇنىڭدىن:

— قانداقراق ئۇخلىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ۋىيەي، بەك قىينالدىم، — دەپتۇ مەلىكە، — كېچىچە ئۇخلىمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ. ھېچ بىلەلمىدىم، كارىۋاتنىڭ ئاستىدا نېمە بار ئىدىكىن؟ ئىشقىلىپ، قاتتىق بىر نېمە بەدىنىمگە پېتىپ، ئۇ يەر، بۇ يېرىمنى كۆكەرتىۋەتتى. ۋىيەي، بەدەنلىرىم، ئىسىت.

بۇنىڭغا قاراپ پادىشاھ بىلەن خانىش ئۇنى ھەقىقىي مەلىكە ئىكەن دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. نېمىشقا دېگەندە، يىگىرمە قات كۆرپە، يىگىرمە قات يوتقاننىڭ ئاستىدىكى كىچىككىنە بىر پۇرچاقنى سېزىۋالالىغۇدەك نازۇك، يۇمران بەدەن ھەقىقىي مەلىكىدىن باشقا ھېچكىمدە بولمايدىكەن.



شۇنىڭ بىلەن شاھزادە كاتتا توي قىلىپ ئۇ قىزنى ئەمرىگە ئاپتۇ. ئۇ ھەقىقىي مەلىكىگە ئېرىشىپ، ئارزۇ - ئارمىنىغا يېتىپتۇ، ھېلىقى كۆك پۇرچاقنى بولسا سەنئەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئوردىدىكى مۇزېيغا تىزىپ قويۇپتۇ. ناۋادا، ئۇنى بىرەرى ئېلىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ پۇرچاق ھازىرمۇ ئاشۇ يەردە بار ئىكەن.

ئىشەنمىسەڭلار مەيلى، ئىشقىلىپ، بۇ راست بولغان ئىش ئىكەن.

# باشمالتاق قىز

بۇرۇنقى زاماندا، بىر ئايال ئۆتكەنىكەن. ئۇ كىچىككىنە بىر بالام بولسا ئىكەن، دەپ كېچە ـ كۈندۈز ئارمان قىلىدىكەن، لېكىن ئۇنچىلىك كىچىك بالىغا قانداق قىلىپ ئېرىشىشنى بىلمەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر پېرىخون ئايالدىن:

— كىچىك بولسىمۇ بىر بالىغا ئېرىشىشنى چىن دىلىمدىن ئارزۇ قىلاتتىم، قانداق قىلسام ئۇنىڭغا ئېرىشىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇنىڭ ئامالىنى قىلغىلى بولىدۇ، — دەپتۇ پېرىخون ئايال، — مانا بۇ بىر تال ئارپا ئۇرۇقى، بۇ ئۇرۇق دېھقان ئېتىزىغا تېرىيدىغان ياكى بولمىسا توخۇغا دان قىلىپ بېرىدىغان ئادەتتىكى ئارپىنىڭ ئۇرۇقى ئەمەس. ئۇنى ئاپىرىپ تەشتەككە تېرىپ قويۇڭ،

ئاندىن بۇنىڭ كارامىتىنى كۆرىسىز.

— رەھمەت سىزگە ! — دەپتۇ ئۇ ئايال پېرىخونىغا ۋە ئۇنىڭغا يىگىرمە تىيىن پۇل بېرىپتۇ.

ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئۇرۇقنى تەشتەككە تېرىپتۇ. شۇ ھامان تەشتەكتىن بىر گۈل ئۈنۈپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ بەرگىلىرى ھەم يېپيېشىل بولۇپ، خۇددى مەڭگۈ پورەكلەپ ئېچىلمايدىغان كۆركەم گۈلگە ئوخشاپ قالىدىكەن.

«ۋاي - ۋۇي، نېمىدېگەن چىرايلىق گۈل بۇ» دەپتۇ ئايال گۈلنىڭ قىزغۇچ سېرىق بەرگىگە سۆيۈپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ لېۋى گۈل بەرگىلىرىگە تېگىشى ھامان ئۇ گۈل پورەكلەپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ. بۇ ھەقىقىي كۆركەم گۈلى ئىكەن. ئۇ ئايال شۇنداق قارىسا گۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يېشىل ئانىلىقنىڭ ئۈستىدە شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق نازۇك بىر قىز ئولتۇرغۇدەك. ئۇ قىزنىڭ چوڭلۇقى باشمالتاقچىلىك كېلىدىكەن، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «باشمالتاق قىز» دەپ ئاتاپتۇ.

ئايال باشمالتاق قىزغا چىرايلىق سىرلانغان ياڭاق شاكىلىنىڭ يېرىمىنى بۆشۈك قىلىپ بېرىپتۇ، زەڭگەر ۋېئولېت گۈلىنىڭ بەرگىسىنى كۆرپە، ئەتىرگۈل بەرگىسىنى يوتقان قىلىپ بېرىپتۇ. ئۇ كېچىسى بۆشۈكىدە ئۇخلىسا، كۈندۈزى ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە ئوينايدىكەن. ئايال ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە چۆرىسىگە ھەر خىل چىرايلىق گۈللەردىن ياسالغان گۈلچەمبىرەك قويۇلغان بىر تەخسىنى قويۇپ بېرىپتۇ. تەخسىدىكى

سۇنىڭ ئۈستىدە كۆركەم گۈلىنىڭ بىر تال يوپۇرمىقى لەيلەپ تۇرىدىكەن. باشمالتاق قىز كۆركەم گۈلى بەرگىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئاق بوز ئاتنىڭ ئىككى تال يالىنى پالاق قىلىپ تەخسىنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە ئۈزۈپ ئوينايدىكەن. ئۇنىڭ كۆڭلىرى خۇشال ـ خۇرام ئۆتىدىكەن. ئۇ بۇ يەردىكىلەر ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان يېقىملىق ناخشىلارنى ئاجايىپ ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىدىكەن.

بىر كۈنى كېچىسى، باشمالتاق قىز ئۆزىنىڭ چىرايلىق بۆشۈكىدە شېرىن ئۇيقۇدا ياتسا، كۆرگەن ئادەمنىڭ قۇسقۇسى كېلىدىغان تولىمۇ سەت بىر چار پاقا دېرىزىنىڭ چېقىلىپ كەتكەن يېرىدىن ئۆيگە سەكرەپ چۈشۈپتۇ. ئۇ ھەم سەت، ھەم يوغانلىقىغا باقماي، تېنىدە يېپىشقاق نەرسىلەر بار ئىكەن. چار پاقا ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىپ، باشمالتاق قىز ئۇخلاۋاتقان ياڭاق شاكىلىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.

«بۇ گۈزەل قىزنى ئوغلۇمغا ئېلىپ بەرسەم بولغۇدەك» دەپ ئويلىغان چار پاقا ياڭاق شاكىلىنى قامالىۋالغىنىچە دېرىزىدىن بىر تاقلاپلا گۈللۈككە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

سىرتتا بەكمۇ كەڭ، بەكمۇ چوڭقۇر بىر ئۆستەڭ بار ئىكەن. ئۆستەڭنىڭ ئىككى قاسنىقى سازلىق ئىكەن. چار پاقىنىڭ ئوغلى ئاشۇ زەيكەش سازلىقتا ياشايدىكەن. ۋاي، قانداق قىلغۇلۇق! ئۇمۇ خۇددى ئانىسىدەكلا ھەم سەت، ھەم پاسكىنا ئىكەن. ئۇ ياڭاق شاكىلى ئىچىدىكى ساھىبجامالنى كۆرگەن ھامان:



«كۆر... كۆر... كۆر... » قىلىپ كورۇلداپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ قىلالايدىغان گېپىمۇ ئاشۇلا ئىكەن.

— تولا سەت كوركىرىما، — دەپتۇ چار پاقا ئوغلىغا كايىپ، — ئۇنى ئويغىتىۋېتىسەن. ئۇ خۇددى پەيدەك يېنىك ئىكەن، ئۇ بۇ يەردىن قېچىپ كېتەلەيدۇ. بىز ئۇنى كەڭرەك نىلۇپەر يوپۇرمىقىغا ياتقۇزۇپ قويايلى. ئۇ بەكمۇ كىچىك ئىكەن، شۇڭا ئۇنىڭغا بۇ يوپۇرماق ئارالدەكلا بىلىنىدۇ. ئۇ ئۇ يەردىن ھەرگىز قېچىپ كېتەلمەيدۇ. بىز ئاڭغىچە پاتقاق ئاستىدىكى ئۆينى ياساپ جابدۇيلى، ئىككىڭلار شۇ يەرنى ھۇجرا قىلىپ ياشاڭلار.

نىلۇپەر گۈلىنىڭ كەڭ ھەم يېشىل يوپۇرمىقى سۇدا لەيلەپ تۇرىدىكەن. قېرى چار پاقا ئۆستەڭنىڭ ئىچكىرىسىدىرەك ئۆسكەن نىلۇپەر يوپۇرمىقىنىڭ يېنىغا ئۈزۈپ بېرىپ، باشمالتاق قىزنى ياڭاق شاكىلى بىلەنلا ئۇنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە ئويغىنىپ كەتكەن باشمالتاق قىز ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ھەسرەت بىلەن يىغلاپ كېتىپتۇ. چۈنكى ئۇ تۆت تەرىپى سۇ بىلەن ئورالغان يوغان يوپۇرماقتىن ھەرگىزمۇ قۇرۇق يەرگە

چىقالمايدىكەن.

قېرى چار پاقا پاتقاقتا مىلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ راھەترەك تۇرۇشى ئۈچۈن ھېلىقى ھۇجرىنى پىلىكئوت ۋە نېلۇپەر گۈللىرى بىلەن ياساشقا باشلاپتۇ. ئۇ يېڭى ھۇجرىنى كۆڭۈلدىكىدەك ياساپ بولغاندىن كېيىن بەتبەشىرە ئوغلىنى باشلاپ نېلۇپەر يوپۇرمىقىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ ـ دە، ئاۋۋال قىزنىڭ چىرايلىق كارىۋىتىنى ئاپىرىپ يېڭى ھۇجرىغا جايلاشتۇرماقچى بوپتۇ. قېرى چار پاقا سۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ باشمالتاق قىزغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇمغا تېگىسەڭ، ئۇ سىزگە ئەر بولىدۇ. ئىككىڭلار مۇشۇ پاتقاقلىقتا راھەت ـ پاراغەتتە ياشايسىلەر، — دەپتۇ.

— كور… كور… كور ! — پاقا يىگىتنىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭدىن باشقا گەپ چىقمايدىكەن.

ئۇلار شۇ گەپتىن كېيىن باشمالتاق قىزنىڭ چىرايلىق كارىۋىتىنى كۆتۈرۈپ ئۈزۈپ كېتىپتۇ، بىچارە قىز نېلۇپەر يوپۇرمىقىنىڭ ئۈستىدە نالە قىلغىنىچە قاپتۇ. چۈنكى، ئۇ بەتبەشىرە قېرى چار پاقا بىلەن بىللە ياشاشتىن يىرگىنىدىكەن، سەتلىكىدىن ئادەمنىڭ ھۆ قىلغۇسى كېلىدىغان چار پاقا يىگىتنى ئەر قىلىشتىن ئۆلۈمنى ئەلا بىلىدىكەن.

سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقچانلار چار پاقىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قاپتۇ ـ دە، بۇ نېمە ئىشتۇ دەپ باشلىرىنى سۇدىن چىقىرىپ قاراپ بېقىپتۇ. ئۇلار شۇنداق قارىسا ئاي دېسە يۈزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار

بىر گۈزەل قىز تۇرغۇدەك. ئۇلار بۇ ساھىبجامال قىزنىڭ ئاشۇ سەت پاقا يىگىتكە خوتۇن بولىدىغىنىنى ئويلاپ بەكمۇ ئەپسۇسلىنىپتۇ. ئۇلار، بۇ گۈزەلنى ھەرگىزمۇ ئۇ سەتكە خوتۇنلۇققا بەرمەيلى، دېگەن نىيەتكە كەپتۇ ــ دە، توپلىشىپ بېرىپ باشمالتاق قىز ئولتۇرغان يوپۇرماقنىڭ غولىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يوپۇرماق قىزنى ئېلىپ سۇنىڭ ئېقىنىغا ئەگىشىپ ئېقىپ كېتىپتۇ. نىلۇپەر يوپۇرمىقى ئاشۇنداق ئېقىپ ــ ئېقىپ، ئاخىر سەت چار پاقىلار قىزنى تاپالمايدىغان يەرگە ئېقىپ كېتىپتۇ.

باشمالتاق قىز ئېقىپ نۇرغۇن يەرلەردىن ئۆتۈپتۇ. دەرەخلەردە ئارام ئېلىۋاتقان قۇشلار ئۇنى كۆرۈپ:

ــ پاھ، نېمىدېگەن ئوماق ھەم چىرايلىق قىزچاق بۇ، ــ دەپ سايرىشىپ كېتىپتۇ.

يوپۇرماق قىزنى ئېلىپ ئېقىپتۇ، ئېقىپتۇ، ئېقىپ، ئاخىر چەت ئەلگە چىقىپ قاپتۇ.

چىرايلىق بىر كېپىنەك تولا ئايلىنىپ قىزدىن پەقەت نېرى كېتەلمەيدىكەن. بولمىغاندا ئاخىر ئۇ يوپۇرماققا قونۇپتۇ، چۈنكى ئۇ باشمالتاق قىزغا خۇشتار ئىكەن. ئاشۇ بەتبەشىرە چار پاقىلارنىڭ ئەمدى ئۆزىنى تاپالمايدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، باشمالتاق قىز چەكسىز خۇرسەنلىككە چۆمىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ قۇياش پارلاق نۇر چېچىپ تۇرغان ئاجايىپ چىرايلىق يەرلەردىن ئۆتۈپتۇ. شادلىقىنى باسالمىغان باشمالتاق قىز بەلبېغىنى يېشىپ بىر ئۇچىنى كېپىنەككە، بىر ئۇچىنى يوپۇرماققا باغلاپ قويۇپتۇ. بۇنداق قىلسا، ئۇ



سۇدا تېخىمۇ تېز ئاقىدىكەن
ھەم تېخىمۇ گۈزەل يەرلەرنى
تېزرەك كۆرەلەيدىكەن.

توساتتىن بىر قاسىراقلىق
قۇرت ئۇچۇپ كېلىپ قىزنى
كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ
نازۇك بېلىدىن قاماللىغىنىچە
دەرەخنىڭ ئۇستىگە ئاچىقىپ
كېتىپتۇ. بۇ چاغدا، يوپۇرماققا
چىڭ باغلىۋېتىلگەن كېپىنەك
يوپۇرماققا ئەگىشىپ ئىلاجسىز
ئۇچۇپ كېتىۋېرىپتۇ.

قاسىراقلىق قۇرت دەرەخ ئۇستىگە ئېلىپ چىققاندا، قورققىنىدىن باشمالتاق قىزنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىلى قىل قاپتۇ. ئەمما، يوپۇرماققا باغلىنىپ قالغان گۈزەل ئاق كېپىنەككە ھەممىدىن بەكرەك ئىچى ئاغرىپتۇ. چۈنكى، ئۇ باغلاقتىن بوشىنالمىسا، ئاچلىقتىن

ئۆلۈپ قالىدىكەن. لېكىن، قاسىراقلىق قۇرتنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىكەن. ئۇ باشمالتاق قىزنى ئەڭ چوڭ يېشىل يوپۇرماقنىڭ ئۈستىگە قويۇپتۇ ـ دە، گۈللەرنىڭ ئەڭ شېرىن شىرنىسىنى يىغىپ ئەكېلىپ ئۇنىڭغا يېگۈزۈپتۇ، يەنە تېخى ئۇ قىزنى سىز نېمىدېگەن گۈزەل، دەپ ماختاپ هارماپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن دەرەختىكى قاسىراقلىق قۇرتلارنىڭ ھەممىسى باشمالتاق قىزنى كۆرگىلى كەپتۇ. ئۇنى كۆرگەن چىشى قاسىراقلىق قۇرتلار كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

— ۋىيەي، ئارانىلا ئىككى پۇتى بار ئىكەن، نېمىدېگەن بىچارە، نېمىدېگەن سەت!

— ۋايىەي، بۇرۇتمۇ يوقكەنغۇ ئۇنىڭ!

— تۇۋا، بېلىنىڭ ئىنچىكىلىكىنى، خۇددى ئادەملەرگىلا ئوخشايدىكەنغۇ؟ سەتلىكىنى! — دېيىشىپتۇ.

قاسىراقلىق قۇرتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى سەت دەۋېرىپتۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قانچىلىك چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ھەممە قاسىراقلىق قۇرت سەت دەۋەرگەندىن كېيىن، ئۇنى بەك چىرايلىق ئىكەن دەپ دەرەخنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىققان قاسىراقلىق قۇرتمۇ تەۋرىنىپ قاپتۇ. ئۇ، ھېچكىم ياراتمىغان نېمىنى مەن نېمە قىلاتتىم، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئۇنى دەرەختىن ئەچۈشۈپ بىر تال دەستارگۈلنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. قىزنىڭ بۇنىڭدىن كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بوپتۇ. مېنى قاسىراقلىق

قۇرتلارمۇ سەتكەن دەپ ياراتمىدى، دەپ ئازابلىنىپ يىغلاپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ شەبنەم تامچىسىدەك سۈزۈك، ئەتىرگۈل بەرگىسىدەك نازۇك ھەم چىرايلىق ئىكەن.

باشمالتاق قىز پۈتۈن يازنى ئاشۇ ئورمانلىقتا يەككە ـ يېگانە ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ ئوت ـ چۆپلەرنىڭ يوپۇرمىقىدىن كىچىك بىر كارىۋات توقۇۋاپتۇ. يامغۇر ياغسا ھۆل بولۇپ كەتمىسۇن دەپ ئۇنى چوڭ بىر قىرىقىز يوپۇرمىقىنىڭ ئاستىغا قويۇۋاپتۇ. گۈل ـ چېچەك شىرنىسىنى ئوزۇق قىپتۇ، ھەر ئەتىگىنى يوپۇرماقلارغا چۈشكەن شەبنەمنى ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپتۇ.

ياز ئۆتۈپتۇ، كۈز كېتىپتۇ، ئۇزۇن زىمىستان قىش كىرىپتۇ. يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرىپ ئۇنىڭ مىسكىن كۆڭلىنى ئاچىدىغان قۇشلار ئۇچۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭغا سايىۋەن بولغان قىرىقىز يوپۇرمىقى سولىشىپ، قۇرۇپ ئاخىر ئۇنىڭ قۇرۇق شېخىلا قاپتۇ. ئۇنىڭ كىيىملىرى يېلىڭ، ئۇنىڭ ئۇستىگە يىرتىلىپ كەتكەچكە، باشمالتاق قىزنىڭ نازۇك، ئاجىز بەدىنى سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيلا قاپتۇ، بىچارە سوغۇقتا تۈگۈلۈپ قېلىشقا قىل ـ قىل قاپتۇ.

قار يېغىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە چۈشكەن بىر تال قار ئۇچقۇنى بىزنىڭ بەدىنىمىزگە چۈشكەن بىر كۈرە قاردەك بىلىنىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر تال خازانغا يۆگىنىۋاپتۇ، لېكىن بۇمۇ ئۇنىڭغا دال بولالماپتۇ، ئۇ سوغۇقتىن جاق ـ جاق تىترەپتۇ.

ئورمانلىقنىڭ چېتى كەڭ كەتكەن ئېتىزلىق ئىكەن. زىرائەتلەر ئاللىقاچان يىغىلىپ بولغان بولۇپ،

توختىلاپ قالغان ئېگىزدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىكەن. بۇ ئېگىزلىكتىن ئۆتۈش ئۇنىڭ ئۇچۇن كەڭ ئورمانلىقتىن ئۆتكەنگە باراۋەر ئىكەن.

سوغۇققا پەقەت چىدىيالمىغان باشمالتاق قىز دالا چاشقىنىنىڭ ئۆڭكۈرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. دالا چاشقىنىنىڭ ئۆڭكۈرى بىر تۇپ بۇغداي ئېگىزىنىڭ ئاستىغا جايلاشقانىكەن. ئۇ ئۇ يەردە سوغۇق كۆرمەي راھەت ياشايدىكەن. دالا چاشقىنى بىر ئۆيگە لىق ئاشلىق يىغىۋالغانىكەن، يەنە ئۇنىڭ چىرايلىق بىر ئاشخانىسىمۇ بار ئىكەن. بىچارە باشمالتاق قىز ئۇنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا خۇددى تىلەمچىدەك تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ ھەم:

— بىر ئاز بۇغداي بەرسىڭىز، ئاغزىمغا گىياھ سالمىغىلى ئىككى كۈن بولدى؛ دەپ يېلىنىپتۇ.

— ۋاي بىچارە قىزەي، — دەپتۇ دالا چاشقىنى. ئۇ بەكمۇ ئاق كۆڭۈل قېرى چاشقان ئىكەن، — كېلە، مېنىڭ ئىسسىق ئۆيۈمدە مەن بىلەن بىللە غىزالانغىن.

ئۇ باشمالتاق قىزغا ئامراق بولۇپ قاپتۇ، شۇڭا:

— سەن ئۆيۈمدە قىشنى چىقىرىۋالغىن، لېكىن ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۆيلىرىمنى تازىلاپ، يىغىشتۇرىسەن، ئاندىن ماڭا چۆچەك ئېيتىپ بېرىسەن، چۈنكى مەن ھېكايە، چۆچەكلەرگە بەكلا ئامراق، — دەپتۇ.

باشمالتاق قىز دالا چاشقىنىنىڭ ئېيتقانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، خۇشال، خاتىرجەم ياشاشقا باشلاپتۇ.

— ھازىر بىر مېھمان كېلىدۇ، — دەپتۇ دالا چاشقىنى، — ئۇ ھەر كۈنى مېنى يوقلاپ كېلىدۇ. ئۇ تامنىڭ كاۋىكىدا ياشايدۇ، شۇڭا مەندىنمۇ ياخشى



ياشايدۇ. ئۇنىڭ مېھمانخانىسىمۇ مېنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە يوغان. ئۇ قاپقارا مووۇت پەلتو كىيىپ يۈرىدۇ، ئۇنىڭ پەلتوسى بەك چىرايلىق. ئۇنىڭغا تېگىۋالساڭ، كۈنلىرىڭ باياشاتچىلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. شۇغىنىسى، ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ئەڭ قىزىقارلىق ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىشىڭ كېرەك.

باشمالتاق قىز بۇ قوشنىسىنىڭ كېلىشىنى پەقەت خالىمايدىكەن، ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇش تۈگۈل، ئۇنى كۆرۈشتىنمۇ بىزار ئىكەن، چۈنكى ئۇ قارىغۇچاشقان ئىكەن. قارىغۇچاشقان قارا مووۇت پەلتوسىنى كىيىپ قوشنىسىنى يوقلاپ كەپتۇ. دالا چاشقىنى:

— ئۇنىڭ ئۆيى مېنىڭكىدەك يىگىرمە پارچە كېلىدۇ، شۇغىنىسى ئۇ كۈن نۇرى بىلەن گۈلنى ياخشى

كۆرمەيدۇ، ئۇ ئۇلارنى كۆرەلمىگەچكە، ئۇمۇ بويى ئۇلارنى تىللاپ، قارغاپ ئۆتتى، — دەپتۇ.

باشمالتاق قىزنى ئۇلار ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە زورلاپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «قاسىراقلىق قۇرتۇم، يىراقلارغا ئۇچ»، «يايلاقتىكى پادىچى» دېگەن ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

ئۇنىڭ يېقىملىق ناخشىلىرىنى ئاڭلىغان قارىغۇچاشقان ئۇنىڭغا كۆيۈپ قاپتۇ، ئەمما چاندۇرماپتۇ، چۈنكى ئۇ تولىمۇ ھېيلىگەر ئىكەن.

باشمالتاق قىز بىلەن دالا چاشقىنىنىڭ خالىغان چاغدا كېلىپ سەيلە قىلىپ كېتىشى ئۈچۈن، قارىغۇچاشقان دالا چاشقىنى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆيىنى تۇتاشتۇرىدىغان بىر لەخمە كولاپتۇ. ئۇ ئۇلارغا، لەخمىدە ياتقان ئۆلۈك قۇشتىن قورقۇپ كەتمەڭلار، دەپ ئەسكەرتىپتۇ. ئۇ قۇش ئۆلۈك بولغىنى بىلەن پەيلىرى ۋە تۇمشۇقى بار بېجىرىم قۇش ئىكەن. ئۇ قۇش مۇشۇ قىش باشلانغاندىلا ئۆلگەچكە، دەل قارىغۇچاشقان لەخمە كولىغان يەرگە كۆمۈلگەنىكەن.

قارىغۇچاشقان بىر تال چىرىپ كەتكەن تاياققا ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئاغزىدا چىشلەپ ئالدىدا يورۇتۇپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ئۆلۈك قۇش ياتقان يەرگە كەلگەندە، قارىغۇچاشقان تۇمشۇقى بىلەن يۇقىرىغا بىرلا تۇرتۇپتىكەن، ئۇلارنىڭ بېشى تەرىپىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، لەخمىنىڭ ئىچىگە يورۇق چۈشۈپتۇ. يەردە ياتقان ئۆلۈك قۇش ئەسلىدە چىرايلىق قاناتلىرىنى بىقىنىغا مەھكەم چاپلاپ، ئوماق پۇتلىرى بىلەن چىرايلىق بېشىنى

پەيلىرىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ ياتقان قارلىغاچ ئىكەن. بۇ بىچارە بايقۇش سوغۇقتا توڭلاپ قالغانىكەن. باشمالتاق قىزنىڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىپتۇ. چۈنكى، ئۇ ھەر خىل، ھەر ياڭزا قۇشلارغا ئامراق ئىكەن، ئۇ قۇشلار يازچە ئۇنىڭغا يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ غېرىبلىقىنى بىلىندۇرمىگەنىكەن. بۇنى كۆرگەن قارىغۇچاشقان كالتە پۇتلىرى بىلەن ئۇنى تېپىپ تۇرۇپ:

— ئەمدى بۇ ھەرگىزمۇ سايرىيالمايدۇ. بۇ دۇنياغا قۇش بولۇپ تۆرىلىش نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق - ھە! خۇداغا شۈكۈر، مېنىڭ باللىرىمنىڭ قىسمىتى بۇنداق بولمايدۇ. دېمىسىمۇ، بۇنداق قۇشلارنىڭ قولىدىن ۋىچىرلىشىپ سايراشتىن باشقا نېمىمۇ كېلەتتى، يازچە سايراپ، قىش كىرىشىگە ئاچلىقتىن، سوغۇقتىن ئۆلىدۇ شۇ، — دەپتۇ.

— شۇنداق، گېپىڭ تولىمۇ ئورۇنلۇق، — دەپتۇ دالا چاشقىنى، — قىش كەلسە ئۇلار ۋىچىرلاشتىن باشقا نېمىمۇ قىلالايدۇ دەيسەن، ئۇلارغا ئاچلىقتىن، سوغۇقتىن ئۆلۈشتىن باشقا يولمۇ يوق.

باشمالتاق قىز جىم تۇرۇپتۇ، ئەمما ئۇلار بۇرۇلۇپ مېڭىشىغا، ئېڭىشىپ قارلىغاچنىڭ يۈز - كۆزىنى يېپىۋالغان پەيلەرنى ئاۋايلاپ قايرىپ، قارلىغاچنىڭ يۇمۇقلۇق كۆزلىرىگە مېھرى بىلەن سۆيۈپ تۇرۇپ: «يازچە ماڭا ناخشا ئېيتىپ بېرىپ مېنى زېرىكتۈرمىگەن قارلىغاچ مۇشۇمۇ، — دەپ ئويلاپتۇ، — ئېھ، ئوماق، گۈزەل قۇش، ماڭا نۇرغۇن

خۇشاللىق ئاتا قىلغانلىقىڭغۇ !»

قارىغۇچاشقان يورۇقلۇق چۈشۈۋاتقان تۆشۈكنى ئېتىۋېتىپتۇ، ئاندىن ئۇ ئىككىيلەننى باشلاپ ئۆيگە كەپتۇ.

باشمالتاق قىز كېچىچە ئۇخلىيالماپتۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ چىرايلىق بىر ئەديالنى يۆگەپ قولتۇقىغا قىسىپتۇ - دە، ئاپىرىپ قارلىغاچقا يېپىپ قويۇپتۇ، ئاندىن ئاستىدىن سوغۇق ئۆتمىسۇن، دەپ دالا چاشقىنىنىڭ ئۆيىدىن تاپقان ئازراق پاختىنى قارلىغاچنىڭ ئاستىغا سېلىپ بېرىپتۇ.

— ئەلۋىدا، گۈزەل قۇش، ئەلۋىدا، — دەپتۇ باشمالتاق قىز، — دەرەخلەر يېشىللىقتىن لىباس كىيگەن، قۇياش ئوتتەك ھارارىتى بىلەن بىزنى ئىللىتقان چاغلاردا ئاجايىپ يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتىپ بەرگىنىڭگە مىڭ رەھمەت !

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ بېشىنى قۇشنىڭ مەيدىسىگە قويۇپتۇ، قويۇپتۇيۇ، چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپتۇ. چۈنكى، قارلىغاچنىڭ مەيدىسىدە بىرنېمە لىپىلداپ تۇرغۇدەك. بۇ ئۇنىڭ سوقۇۋاتقان يۈرىكى ئىكەن. قارلىغاچ ئۆلمىگەن، پەقەت توڭلاپ قالغانىكەن، ئۇنىڭغا ئىسسىق ئۆتكەندىن كېيىن ئاستا ھوشىغا كەلگەنىكەن.

كۈزدە قارلىغاچلار ئىسسىق يەرلەرگە قاراپ ئۇچقاندا، بۇ قارلىغاچ توپتىن ئايرىلىپ قالغان، كېيىن توڭلاپ قالغان. كۆرگەنلەر ئۇنى ئۆلۈپتۇ دەپ ئويلاپ كۆمۈپ قويۇشقانىكەن.

قورقىنىدىن باشمالتاق قىز تىترەپ كېتىپتۇ،

چۈنكى قارلىغاچ ئۈنىڭغا قارىغاندا خېلىلا چوڭ ئىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ غەيرەتكە ئېلىپ، قارلىغاچنىڭ تېنىنى پاختا بىلەن تېخىمۇ ھەم يېپىپ قويۇپتۇ، ئۆزى يوتقان قىلىپ يېپىنىپ يۈرگەن يالپۇز يوپۇرمىقىنى قارلىغاچنىڭ بېشىغا يېپىپ قويۇپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى كېچىدە، باشمالتاق قىز يەنە تۈيدۈرماي قارلىغاچنىڭ يېنىغا كەپتۇ. قارلىغاچ تىرىلگەن بولسىمۇ بەكلا ھالسىز ئىكەن. ئۇ كۆزلىرىنى ئاستا ئېچىپ باشمالتاق قىزغا قاراپتۇ. لەخمىنىڭ ئىچى قاراڭغۇ بولغاچقا، باشمالتاق قىز بىر تال يېرىندىغا ئوت يېقىپ كەلگەنىكەن.

— رەھمەت ساڭا، ئوماق قىزچاق! — دەپتۇ بىتاب قارلىغاچ ئۈنىڭغا قاراپ، — تېنىم ئىللىپ، كۆپ ئارام تېپىپ قالدىم. ئۇزاققا قالماي كۈچ - ماغدۇرۇمغا كېلىۋالسام، ئىللىق قۇياشلىق ماكانغا ئۇچۇپ كېتىمەن.

— نېمە دەيدىغانسەن؟ تالا بەكمۇ سوغۇق، قار يېغىۋاتىدۇ. ئىسسىق ئورنۇڭدىن قوزغالماي ياتقىن، ھالىڭدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن.

ئاندىن ئۇ گۈل بەرگىگە سۇ ئېلىپ كېلىپ ئۈنىڭغا ئىچۈرۈپتۇ. قارلىغاچ سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئۆز سەرگۈزەشتىنى ئۈنىڭغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ قانىتىغا جىغانىنىڭ تىكىنى كىرىپ كېتىپ يارىلانغاچقا، ئىللىق يەرلەرگە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قارلىغاچلار بىلەن تەڭ ئۇچالماي سەپتىن چۈشۈپ قالغانىكەن. ئۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىشلارنى



ئەسلىيەلمىگەچكە، نېمىشقا بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى دەپ بېرەلمەپتۇ.

قارلىغاچ قىشچە لەخمىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپتۇ. باشمالتاق قىز زېرىكمەستىن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ بۇ ئىشلارنى دالا چاشقىنى بىلەن قارىغۇچاشقاندىن سىر تۇتۇپتۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ نامرات ھەم بىچارە قارلىغاچ بىلەن پەقەتلا خۇشى يوق ئىكەن.

باھار كەپتۇ، ئىللىق قۇياش يەر - جاھاننى ئېرىتىپتۇ. باشمالتاق قىز تورۇستىكى تۆشۈكنى ئېچىۋېتىپتىكەن، قۇياش ئۇلارغا كۈلۈپ بېقىپتۇ. قارلىغاچ قىزچاقتىن، دۈمبەمگە مىنىپ يېشىل ئورمانلارغا ئۇچۇپ كېتىشنى خالامسىز؟ دەپ سوراپتىكەن، باشمالتاق قىز مۇشۇنداقلا كېتىپ قالسام، ئاق كۆڭۈل دالا چاشقىنىنىڭ كۆڭلىگە كېلىدۇ، دەپ ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، قارلىغاچ كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپتۇ:

— خەير - خوش، ئاق كۆڭۈل، ئوماق قىز، ئامان بولغىن ! — قارلىغاچ شۇنداق دېگىنىچە ئىللىق قۇياش باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. قارلىغاچقا چىن كۆڭلىدىن ئامراق بولۇپ قالغان قىزچاقنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بوپتۇ.

قارلىغاچ: «ۋىچىر، ۋىچىر !» قىلغىنىچە ياپيېشىل ئورمانلىققا ئۇچۇپ كىرىپ كېتىپتۇ.

باشمالتاق قىزنىڭ كۆنلىرى ئازاب ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. دالا چاشقىنى ئۇنى قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرغان

تالاغا چىققىلى قويمايدىكەن.

دالا چاشقىنىنىڭ ئۆيىنىڭ تۆپىسىگە تېرىلغان زىرائەتلەر خېلىلا ئۆسۈپ قاپتۇ. ئۇ زىرائەتلەر باشمالتاق قىزغا خۇددى قېلىن ئورمانلىقتەك بىلىنىدىكەن.

— يازىچە تويلۇق كىيىملىرىڭنى تىكىپ پۈتتۈز، — دەپتۇ دالا چاشقىنى قىزغا، چۈنكى ئۇنىڭ قوشنىسى، قارا موۋۇت چاپان كىيىپ يۈرىدىغان ئۆلگۈر قارىغۇچاشقان باشمالتاق قىزغا ئۆيلىنىش ھەققىدە گەپ ئاچقانىكەن، — يۇڭ رەختتىن چاپان، يىپەك رەختتىن كۆڭلەك تىك. قارىغۇچاشقانغا خانىم بولغاندىن كېيىن تېگىشلەرگە سالىدىغان كۆرپە، ئۇستۇڭلەرگە يېپىنىدىغان يوتقان تىك.

ئامالسىز قالغان باشمالتاق قىز چاق ئېگىرىشكە باشلاپتۇ. قارىغۇچاشقان ياللىۋالغان تۆت ئۆمۈچۈك كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ رەخت توقۇپتۇ.

قارىغۇچاشقان ھەر كۈنى كېلىپ تۇرىدىكەن، كەلسىلا، ياز چىقىپ كەتسە ھاۋا بۇنداق ئىسسىق، يەرلەر بۇنداق تاشتەك قاتتىق بولۇپ كەتمەيدۇ، ئۇ چاغدا توي قىلساق تازا ياخشى بولىدۇ، دەپ كاپشىيدىكەن. بىراق، ئۇنىڭ گەپلىرى باشمالتاق قىزنىڭ قۇلىقىغا مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك بىلىنىدىكەن، چۈنكى ئۇ بۇ قارىغۇچاشقاندىن تولىمۇ بىزار ئىكەن. ھەر كۈنى ئەتىگىنى كۈن چىققاندا، كەچتە كۈن پاتقاندا ئۇ ئوغرىلىقچە سىرتقا چىقىدىكەن. مەيىن شامال بۇغداي باشاقلىرىنى ئىككى تەرەپكە



قايرىغاندا، ئۇ زەڭگەر ئاسماننى كۆرەلەيدىكەن ھەم نۇرلۇق ۋە گۈزەل دۇنيانى غايىبانە ئەسلەيدىكەن. ئۇ ياپيېشىل ئورمانلىقتا ئۇچۇپ كىرىپ كەتكەن سۆيۈملۈك قارلىغاچنى قايتا كۆرۈشكە تەشنا ئىكەن.

كۈز كەپتۇ. باشمالتاق قىزنىڭ تويلۇق كىيىملىرى تەييار بوپتۇ.

— تۆت كۈندىن كېيىن تويۇڭ بولىدۇ، — دەپتۇ دالا چاشقىنى ئۇنىڭغا.

بىچارە باشمالتاق قىز:

— قارىغۇچاشقانغا تەگمىسەم بولمامدۇ، ئۇنى پەقەت ياقتۇرمايمەن، — دەپ يىغلاپتۇ.

— تولا بىلجىرلىما! گېپىمگە كىرمىسەڭ، سېنى چايناپ پۇركۇۋېتىمەن، ئەردىن شۇنداق تەلىيىڭ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىملەرنى پادىشاھلارمۇ كىيەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئاشخانىسى، ئامبارلىرىغىچە بار. شۇنچىلىك ئەرگە تەگكىنىڭدىن مىڭ شۇكۇر قىلساڭ بولىدۇ! — دەپ خاپا بولۇپ كېتىپتۇ دالا چاشقىنى.

ئۇلارنىڭ تويى بوپتۇ، قارىغۇچاشقان قىزنى كۆچۈرۈپ ئەكەتمەكچى بوپتۇ. ئۇ ئەمدى كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان چوڭقۇر يەر ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر ئىكەن. ئۇ ئەمدى نۇرلۇق قۇياش نۇرىدىن مەڭگۈ بەھرىمەن بولالمايدىكەن، چۈنكى قارىغۇچاشقان قۇياش نۇرىنى ئۆلگۈدەك يامان كۆرىدىكەن.

بىچارە قىز ئىچ - ئىچىدىن ئازابلانغىنىچە قۇياش بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئۇ دالا چاشقىنىنىڭ ئۆيىدە نېمىلىكى بولسا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ بولسىمۇ قۇياشنى كۆرەلەيدىكەنتۇق.

قىز ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە دالا چاشقىنىنىڭ ئۆيىدىن سىرتقا قاراپ مېڭىپ:

— خەير - خوش، نۇرلۇق قۇياش! — دەپ نىدا ئەيلەپتۇ.

بۇ چاغدا، بۇغدايلار ئورىلىپ بولغان، پەقەت بۇغداي ئېگىزىلا قالغانىكەن:

ئۇ پورەكلەپ ئېچىلغان بىر تۈپ گۈلنى كۆرۈپ:

— خەير - خوش، — دېگىنىچە ئۇنى قۇچاقلاپتۇ، — سۆيۈملۈك قارلىغاچنى كۆرۈپ قالساڭ، ئۇنىڭغا مەندىن سالام ئېيتىپ قوي !

«ۋىچىر - ۋىچىر، ۋىچىر - ۋىچ !» توساتتىن ئۇنىڭ باش ئۈستىدە بىر قۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. باشمالتاق قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق قارىسا، ھېلىقى قارلىغاچ سايراپ تۇرىمىش. ئۇ دەل مۇشۇ يەردىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ باشمالتاق قىزنى كۆرۈپ قالغانىكەن. ئۇ باشمالتاق قىزنى قايتا كۆرەلىگىنىدىن بەكمۇ خۇشال بوپتۇ.

باشمالتاق قىز قارلىغاچقا بەتبەشىرە قارىغۇ چاشقاننى ئەر قىلىشقا زادىلا مەيلى يوقلۇقىنى، ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇپ قالسا، ئۆزىنىڭ كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە مەڭگۈ مەھكۇم بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يىغلاپتۇ.

— قىش كىرەي دەپ قالدى، — دەپتۇ قارلىغاچ، — يىراقتىكى ئىللىق ماكانلارغا ئۇچۇپ كەتمەكچىمەن. مەن بىلەن كېتىشنى خالامسەن؟ خالىساڭ دۈمبەمگە مىنگىن، ئاندىن بەلبېغىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى ماڭا مەھكەم باغلىغىن، ماقۇل دېسەڭلا، مەن سېنى ئېگىز تاغلاردىن، دەريا - كۆللەردىن ئۆتكۈزۈپ ئىللىق ماكانغا ئېلىپ كېلىمەن، سەنمۇ قارىغۇچاشقان بىلەن ئۇنىڭ گۆردەك ئۆڭكۈرىدىن قۇتۇلىسەن. ئۇ يەردە قۇياش بۇ يەردىكىدىن يارقىن نۇر چاچىدۇ، ئۇ يەرلەردە زادى قىش بولمايدۇ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە گۈللەر ئېچىلىپ تۇرىدۇ. مەن بىلەن بىللە كەتكىن، سۆيۈملۈك قىزچاق. مەن

ئاشۇ قاراڭغۇ ئۆڭكۈردە توڭلاپ قېتىپ قالغان چېغىمدا سەن مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانىدىڭ.

— ماقۇل، مەن سەن بىلەن بىللە كېتەي.

باشمالتاق قىز قارلىغاچنىڭ دۈمبىسىگە يامىشىپ چىقىپتۇ، ئىككى پۇتىنى ئۇنىڭ ئىككى قانىتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپتۇ، ئاندىن ئۆزىنى بەلبېغى بىلەن قارلىغاچنىڭ ئەڭ كۈچلۈك پېيىگە باغلاپتۇ.

قارلىغاچ ئۇنى ئېلىپ كۆككە پەرۋاز قىپتۇ. ئۇلار ئورمانلىقلاردىن، دېڭىز - كۆللەردىن ئۆتۈپتۇ، ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان قارلىق چوققىلاردىن ئېشىپتۇ. كۆك قەرىدە سوغۇقتىن تىترەپ كەتكەن باشمالتاق قىز قارلىغاچنىڭ ئىسسىق پەيلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ، كىچىككىنە بېشىنى چىقىرىپ يەردىكى گۈزەل مەنزىرىلەردىن زوق ئېلىشنىمۇ قولدىن بەرمەپتۇ.

ئۇلار ئىللىق ماكانغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ يەردە قۇياش پارلاق نۇر چېچىپ تۇرىدىكەن، ئۇ يەرنىڭ ئاسمىنىمۇ ئۆزگىچە ئېگىز ھەم كۆك ئىكەن. ھەممە يەردە ھەر خىل مەرۋايىتتەك ئۈزۈملەر مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەنىكەن. مېۋىلىك دەرەخلەردە ئاپېلسىن ۋە لىمونلار ئالتۇندەك جۇلالىنىپ تۇرىدىكەن. ھەممە ياقتىن گۈل - گىياھلارنىڭ خۇشبۇي ھىدلىرى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرىدىكەن. ئېتىز - ئېرىق بويلىرىدا، كوچا - كويلاردا شوخ باللار كېپىنەك قوغلاپ ئوينىشىدىكەن. بىراق، قارلىغاچ يەنە داۋاملىق ئۇچۇۋېرىپتۇ.

قارلىغاچ ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، ئۇچقانسېرى بىر - بىرىدىن گۈزەل مەنزىرىلەر پەيدا بوپتۇ، ئاخىر

زۇمرەتتەك تىنىق كۆل بويىغا يېتىپ كەپتۇ. كۆلنىڭ بويىدىكى بۇك ـ باراقسان دەرەخ ئارىسىدا ئاق مەرمەر تاشتىن ياسالغان بىر ئوردا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. ئېگىز ـ ئېگىز تۇۋرۇكلەرگە يۆگىلىپ ئۆسكەن ئۈزۈم تاللىرىنىڭ ئەڭ ئۈچىغا قارلىغاچلار ئۇۋا ياسىغانىكەن، ئۇ ئۇۋىلارنىڭ بىرى باشمالتاق قىزنى بۇ يەرگە ئەكەلگەن قارلىغاچنىڭ ئىكەن.

— مانا بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، — دەپتۇ قارلىغاچ، — بىراق، سەن پەستىكى رەڭگارەڭ گۈللەر ئىچىدىن ئەڭ چىرايلىق ئېچىلغىنىنى تاللا، مەن سېنى شۇ گۈلنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ قوياي، ئۇ يەردە قانچىلىك ھۇزۇر ئالساڭ، شۇنچىلىك ھۇزۇر ئېلىپ ياشا.

— ئەجەب ياخشى! — دەپ چاۋاك چېلىپ كېتىپتۇ باشمالتاق قىز.

ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەن بىر مەرمەر تۇۋرۇكنىڭ ئارىلىقلىرىدا بەكمۇ گۈزەل ئاق گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىكەن. قارلىغاچ قىزنى ئەڭ چىرايلىق ئېچىلغان بىر ئەتىرگۈلنىڭ بىر تال چوڭ بەرگىگە چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. قىز ئۆزىنى ئوڭشاپ تۇرۇۋېلىپ شۇنداق قاراپلا ھەيران قاپتۇ. نېمىشقا دېسەڭلار، گۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەينەكتەك سۈزۈك، ئاپئاق بىر يىگىت ئولتۇرغۇدەك. تولىمۇ نەپىس ئىشلەنگەن تاج ئۇنىڭ بېشىدا، پارقىراپ تۇرىدىغان بىر جۈپ قانات ئۇنىڭ دولىسىدا تۇرارمىش، ئۇنىڭ چوڭلۇقى باشمالتاق قىزچىلىكلا بارمىش.

ئۇ ئەسلي گۈللەر پەرىشتىسى ئىكەن. ھەربىر



گۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەر ياكى ئايال پەرىشتە بار ئىكەن. بۇ يىگىت ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئىكەن.

— ئاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق يىگىت بۇ! — دەپ شىۋىرلاپتۇ باشمالتاق قىز قارلىغاچقا.

ۋىجىك ھەم نازۇك پادىشاھ ئۆزىگە قارىغاندا نەچچە ئون ھەسسە يوغان قارلىغاچنى كۆرۈپ بەكلا قورقۇپ كېتىپتۇ، لېكىن ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان گۈزەل قىزنى كۆرۈپ يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپتۇ-دە، ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن يىگىت بېشىدىكى ئالتۇن تاجىنى ئېلىپ باشمالتاق قىزنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويۇپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا:

— ئىسمىڭىز نېمە؟ ماڭا تېگىشنى خالامسىز؟ ئەگەر خالىسىڭىز، گۈللەرنىڭ خانىشى بولىسىز، — دەپتۇ.

بۇ قېتىم قىزغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويغۇچى چار پاقىنىڭ سەت ئوغلى ياكى قارا مولۇتتىن پەلتو كىيگەن قارىغۇچاشقان بولماستىن، بەلكى ھەقىقىي بىر يىگىت ئىكەن. باشمالتاق قىزنىڭمۇ بۇ يىگىتكە چىن كۆڭلىدىن مەيلى بار ئىكەن، شۇڭا ئۇ ئىشقى چۈشكەن بۇ يىگىتكە مەيلى بارلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن تەڭلا ھەربىر گۈلنىڭ ئىچىدىكى گۈزەل پەرىشتىلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇلارنى تەبرىكلەپ، ھەر خىل سوۋغاتلارنى تەقدىم قىپتۇ. بۇ كېلىشكەن قىز - يىگىتلەرنى كۆرۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھۇزۇر ئىكەن.

شۇنچە جىق سوۋغاتلار ئىچىدىن باشمالتاق قىزنى ئەڭ سۆيۈندۈرگىنى، ئۇلار ئۇنىڭ دولىسىغا قاداپ قويغان بىر جۈپ قانات بوپتۇ. بۇ قاناتنى ئۇلار ئاق بوغۇننىڭ تېنىدىن يۇلۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باشمالتاق قىز ئۇ گۈلدىن بۇ گۈلگە، بۇ گۈلدىن ئۇ گۈلگە قونۇپ، ئەركىن - ئازادە، شاد - خۇرام ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ.

قارلىغاچ ئۇۋىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇلارغا يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ ناخشىسىدىن بىر خىل مۇڭ چىقىپ تۇرىدىكەن، چۈنكى ئۇ باشمالتاق قىزنى چىن يۈرىكىدىن سۆيىدىكەن، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلماسلىقنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

— ئەمدى سىزنى باشمالتاق قىز دېمەيلى، — دەپتۇ گۈللەر پەرىشتىسى ھەم پادىشاھى يىگىت باشمالتاق قىزغا، — سىزنى مايا دەپ ئاتايلى.

— خەير - خوش، ئامان بولۇڭ ! — دەپتۇ

قارلىغاچ بۇ ئىللىق ماكاندىن يىراقتىكى دانىيىگە ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ.

دانىيىگە بارغاندىن كېيىن ئۇ بىر كىشىنىڭ پېشايۋانىغا ئۇۋا ساپتۇ. ئۇ چۆچەك ئېيتالايدىغان ئادەم ئىكەن. قارلىغاچ ھەر كۈنى ۋىچىرلاپ توختىمايدىكەن. چۆچەكچى ئادەم بۇ ھېكايىنى ئاشۇ قارلىغاچتىن ئاڭلىغانىكەن، ئۇ بۇنى بىزگە يېزىپ قالدۇرۇپتىكەن.

# سەپىرداش

بىچارە يوھانىس بەكمۇ ئازابلىنىپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى ئېغىر كېسەل بولۇپ جېنى ھەلقۇمغا يېتىپ قالغانىكەن. غېرىبانە كۆلبىدە دادىسى بىلەن ئىككىسىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىكەن. ئۇستەلدىكى شام ئۆچۈپ قالاي، ئۆچۈپ قالاي دەپ ئاجىز پىلىلداپ تۇرىدىكەن. تۈن كېچە بوپتۇ.

— سەن ياخشى بالا بولدۇڭ، يوھانىس، — دەپتۇ دادىسى زەئىپ ئاۋازدا، — تەڭرى سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ.

يوھانىسنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا ئاخىرقى قېتىم مېھرىبانلىق بىلەن قاراپتۇ ـ دە، نەپەستىن قاپتۇ.

يوھانىس دادىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ قاتتىق يىغلاپتۇ. ئۇ ئەمدى بۇ جاھاندا تىكەندەك يالغۇز قاپتۇ.

بىچارە يوھانىس دادىسىنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، دادىسىنىڭ مۇزدەك قولىغا سۆيۈپ نۇرغۇن ياش تۆكۈپتۇ، يىغلا، يىغلا، ئاخىر ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ، دادىسىنىڭ كارىۋىتىغا بېشىنى قويۇپلا ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئۇ تولىمۇ غەلىتە چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە قۇياش بىلەن ئاي ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقۇدەك، دادىسى بۇرۇنقىدەكلا ساغلام ھەم روھلۇق ھالدا ئۇنىڭغا خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇرغۇدەك، بېشىغا تاج تاقىۋالغان سۇمبۇل چاچلىق بىر قىز ئۇنىڭغا قولىنى مېھرىبانلىق بىلەن سۇنۇۋاتقۇدەك، دادىسى ئۇنىڭغا: «مانا كۆردۈڭمۇ؟ دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق قىزغا ئېرىشتىڭ» دەۋاتقۇدەك.

ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. قارىسا، يەنىلا ئۆزى دادىسى جانسىز سوزۇلۇپ ياتقان ئۆيدە يەككە - يېگانە تۇرغۇدەك.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ دادىسىنى دەپنە قىپتۇ. ئەمدى ئۇ دادىسىنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى قوقاستا پۇچىلانغاندەك پىژىلداپ ئېچىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئاخىر بولالماي ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلىۋېتىپتۇ، بۇ يىغىنىڭ ئۇنىڭغا پايدىسى بار ئىكەن.

دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقانلار ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ تارقىلىپ كېتىپتۇ. ئىللىق قۇياش خۇددى ئۇنىڭغا: «يوھانىس، بۇنچە ئازابلىنىپ كەتمە. كۆك ئاسماننى كۆردۈڭمۇ؟ داداڭ ھازىر ئاشۇ يەردە تۇرۇپ

ساڭا قاراۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەپقەتلىك تەڭرىم سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ !» دەۋاتقاندەك بىلىنىپتۇ.

«مەن چوقۇم جىق ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىمەن. كېيىن دادامنىڭ قېشىغا بارغاندا قىلغان ساۋابلىق ئىشلىرىمنى ئۇنىڭغا دەپ بېرىمەن، ئۇمۇ ماڭا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى دەپ بېرىدۇ، بىز چەكسىز خۇشاللىققا چۆمىمىز !» دەپتۇ يوھانىس.

يوھانىس ئۇ ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ خۇشاللىق كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزۇپتۇ.

بۇ چاغدا، دەرەختىكى قۇشلارمۇ ھازىرلا دەپنە مۇراسىمغا قاتناشقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك: «ۋىچىر، ۋىچىر» قىلىپ خۇشال سايراپتۇ. چۈنكى ئۇلار يوھانىسنىڭ دادىسىنىڭ ھازىر جەننەتتە قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ يۈرگىنىنى، ئۇنىڭ قانىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭكىدىن خېلىلا چوڭ ئىكەنلىكىنى، ئۇ ھاياتلىقىدا ساۋابلىق ئىشلارنى جىق قىلغاچقا، ھازىر شۇنداق بەختلىك، خۇشال - خۇرام ياشاۋاتقانلىقىنى بىلىدىكەن. شۇڭا قۇشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولۇپ سايراپ كەتكەنىكەن.

قۇشلار بىرپەس خۇش ناۋا قىلغاندىن كېيىن يىراقلارغا پەرۋاز قىپتۇ، يوھانىسنىڭمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئۇچۇپ كەتكۈسى شۇنداق كەپتۇ. بىراق، ئۇ دادىسىنىڭ قەبرىسىگە كرېست بەلگىسى بېكىتمىسە بولمايدىكەن.

ئۇ ياغاچتىن ياسالغان كرېست بەلگىسىنى دادىسىنىڭ قەبرىسىگە قاداپ قويايي دەپ كېلىپ قارىسا،

قەبرە گۈلگە كۆمۈلۈپ كەتكەن. ئەسلىدە، ئۇنىڭ دادىسى ساۋابلىق ئىشلارنى جىق قىلىدىغان ئادەم بولغاچقا، بۇ گۈللەر ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرگەن ئادەملەر ئەكەلگەن گۈللەر ئىكەن.

ئەتىسى يوھانىس كىچىككىنە يوتقىنىنى ئۆشنىسىگە ئېلىپ، دادىسىدىن قالغان ئەللىك كۈمۈش تەڭگىنى بېلىگە چىگىپ، دۇنيانى كېزىش ئارمىنىنى دىلىغا پۈكۈپ يولغا چىقىپتۇ.

ئۇ ئالدى بىلەن دادىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ دۇئا قىپتۇ، ئاندىن:

«ئەلۋىدا، جېنىم دادا! مەن ئۆمۈرۋايەت ئاق كۆڭۈل ئادەم بولىمەن. تەڭرىنىڭ مېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى تىلىگەيسەن!» دەپتۇ.

يوھانىس گۈل ـ گىياھلارغا پۈركەنگەن ئېتىز ـ ئېرىقلاردىن ئۆتۈپ، بوۋاق ۋاقتىدا ئۆزىنى چوقۇندۇرغان چېركاۋنى تاۋاپ قىلىپ ئاندىن ماڭماقچى بوپتۇ، چۈنكى دادىسى بىلەن ئىككىسى ھەر يەكشەنبە كۈنى بۇ يەرگە كېلىپ ئىبادەت قىلىپ، مۇناجات ئېيتىپ قايتىدىكەن.

ئۇ چېركاۋنىڭ قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئۈستىگە قونۇۋالغان قىزىل بۆكلۈك پەرىشتىلەرنى كۆرگەندەك بوپتۇ. يوھانىس ئۇلار بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ خوشلىشىپتۇ. پەرىشتىلەرمۇ قىزىل بۆكلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، قوللىرى بىلەن ئۇنىڭغا سۆيۈش ھەدىيە قىپتۇ. بۇ ئۇلارنىڭ يوھانىسنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى، ئۇنىڭغا بەخت تىلىگىنى ئىكەن.

يوھانىس يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول

يۇرۇپتۇ، كۆرۈپ باقمىغان يەرلەرنى كۆرۈپتۇ، ئاڭلاپ باقمىغان ئىشلارنى ئاڭلاپتۇ.

تۇنجى ئاخشىمى ئۇ ئېتىزلىقتا دۈۋىلەپ قويۇلغان ئوت - چۆپ دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە يېتىپتۇ، ئۇ يەردە شۇنچىلىك راھەت ئۇخلاپتۇكى، پادىشاھمۇ كارىۋىتىدا ئۇنداق راھەتلىنىپ ئۇخلىماس ئىكەن.

پۈتۈن ئايدالا، ئېتىز ئارىلاپ ئاققان سۇلار، كۆك ئاسمان، چاراقلاپ يانغان يۇلتۇزلار ئۇنىڭ باغچىسى، پورەكلەپ ئېچىلغان ھەر خىل گۇللەر يېشىل ئوت - چۆپ ئۇنىڭ زىلچىسى بوپتۇ.

سۇبھى بىلەن تەڭ قۇشلار:

— ئەتىگەنلىكىڭ خەيرلىك بولسۇن ! ئەمدى قوپۇپ كەتسەڭ بولارمىكىن، — دەپ سايراپ ئۇنى ئويغىتىپتۇ.

چېركاۋنىڭ قوڭغۇرىقى جاراڭلاپتۇ. بۇ ئىبادەت قىلىدىغان يەكشەنبە كۈنى ئىكەن. يوھانىسمۇ ئىبادەتكە قاتنىشىپتۇ. ئۇ باشقىلار بىلەن مۇناجات ئوقۇپ، پوپنىڭ ۋەز - نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى خۇددى دادىسى بىلەن بىللە بېرىپ ئىبادەت قىلىدىغان چېركاۋدا تۇرغاندەك ھېس قىپتۇ.

چېركاۋنىڭ قەبرىستانلىقىدىكى بەزى قەبرىلەرنى ئوت - چۆپ قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، بۇنى كۆرگەن يوھانىسنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بوپتۇ. چۈنكى، ئۇ كېتىپ دادىسىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ ئوت - چۆپلەرنى يۇلۇپ، گۈل - گىياھ تېرىيدىغان ئادەم قالمىغاچقا، دادىسىنىڭ قەبرىسىنىمۇ مۇشۇنداق ئوت - چۆپ بېسىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بار ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەن قەبرىلەردىكى ياۋا ئوتلارنى ئوتاپ ئورنىغا گۈل تىكىپ قويۇپتۇ، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن كرېست بەلگىسىنى قايتىدىن تىكلەپ قويۇپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە، مەنمۇ تونۇمايدىغان ئادەملەرنىڭ قەبرىسىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇۋاتىمەن، بەلكى باشقىلارمۇ دادامنىڭ قەبرىسىدىن خەۋەر ئېلىپ قويار، دەپ ئويلاپتۇ.

چېركاۋ قەبرىستانلىقىنىڭ سىرتىدا ھاسا تايانغان بىر تىلەمچى تىلەمچىلىك قىلىۋېتىپتىكەن، يوھانىس يانچۇقىدىكى نەچچە تىيىننى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپ خۇشاللىق بىلەن يولىغا راۋان بوپتۇ.

قاراڭغۇ چۈشۈپ ھاۋا قاتتىق بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. يوھانىس پاناھلانغۇدەك بىرەر جاي تېپىش ئۈچۈن ھەريان قاتراپتۇ، ئاخىر تاغ باغرىغا جايلاشقان كىچىك بىر چېركاۋنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇنىڭ بەختىگە چېركاۋنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چېركاۋنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ.

«بىر بۇلۇڭدا تۇگۈلۈپ يېتىپ ئارام ئېلىۋالسام بولىدى،» ئۇ شۇنداق دەپتۇ - دە، ئىبادەت قىپتۇ.

ئىبادەتتىن كېيىن، ئۇ يېتىپلا ئۇخلاپ كېتىپتۇ.

تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە ئۇ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا بوران - چاپقۇن ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، ئاينىڭ شولىسى دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرىدىكەن.

چېركاۋنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېخى دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە ئۈلگۈرمىگەن بىر جەسەت ئاغزى ئوچۇق جەسەت ساندۇقىنىڭ ئىچىدە ئىكەن. يوھانىس ئۇنى

كۆرۈپ بىر ئازمۇ قورقماپتۇ، چۈنكى ئۇ ئۆلۈكنىڭ قولىدىن ھېچقانداق يامانلىق كەلمەيدىغانلىقىغا، قورقۇنچلۇقى تىرىكلەر ئىچىدىكى يامان ئادەملەر ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىدىكەن.

راست دېگەندەك، ئۆلۈكنىڭ يېنىدا ئىككى ئەسكى ئادەم پەيدا بوپتۇ، ئۇلار دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى ئۇنى جەسەت ساندۇقىدىن ئېلىپ چېركاۋنىڭ سىرتىغا ئاچىقىپ تاشلىۋەتمەكچى بوپتۇ.

— نېمىشقا بۇنداق پەسكەشلىك قىلىسىلەر ! — دەپ ئۇلارنى توسۇپتۇ يوھانىس، — ئىنسانىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنى تىنچ ياتقىلى قويۇڭلار.

— تولا بىلجىرلىماي ئىشىڭنى قىلە، — دەپتۇ ئۇ ئىككى ئەسكى، — ئۇ بىزنى ئالدىدى، پۇل قەرز ئېلىپ قايتۇرمىدى. ئۇ ئەمدى ئۆلۈپلا قۇتۇلدى، بىز بىر تىيىنگىمۇ ئېرىشەلمىدۇق. شۇڭا ئۇنىڭدىن ئۆچىمىزنى بولسىمۇ ئېلىۋېلىشىمىز، ئۇنى چېركاۋنىڭ سىرتىغا ئاچىقىپ ئىتنىڭ ئورنىدا تاشلىۋېتىشىمىز كېرەك.

— يېنىمدا ئەللىك تەڭگىلا پۇل بار. بۇ مېنىڭ بارلىق مىراسىم. مەن ئۇنى سىلەرگە بېرەي، ئاشۇ بىچارىنى ئارامخۇدا ياتقىلى قويۇڭلار. پۇلۇم بولمىسىمۇ ساغلام تېنىم، كۈچلۈك قول - پۇتلىرىم بار، شۇڭا ياشىيالايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇدا ماڭا مەدەتكار، — دەپتۇ يوھانىس.

— بولىدۇ، ئۇنىڭ قەرزىنى تۆلىۋەتسەڭلا، بىز ئۇنىڭغا تەگمەيمىز، خاتىرجەم بول !

ئۇلار يوھانىس بەرگەن پۇلنى ئېلىپ، قاقاقلاپ

كۆلگىنىچە چېركاۋدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

يوھانىس جەسەتنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئىككى قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ قويغاندىن كېيىن، جەسەتكە: «ئەلۋىدا !» دەپ چىقىپ كېتىپتۇ، ئاندىن كۆڭلى يورۇق ھالدا قاراڭغۇ ئورماننى كېسىپ مېڭىپتۇ.

يوھانىس ئورماندىن چىقىشىغا، كەينىدىن بىر ئەر كىشىنىڭ بوم ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:

— ھەي، بۇرادەر، يولۇڭ قاياققا؟

— كەڭرى دۇنيانىڭ قۇچىقىغا، — دەپتۇ يوھانىس، — ئاناممۇ يوق، داداممۇ يوق غېرىب بىچارىمەن، لېكىن خۇدا ماڭا مەدەتكار.

— مەنمۇ شۇ ياققا ماڭغان، ئىككىمىز سەپەرداش بولايلى، — دەپتۇ ناتونۇش ئادەم.

— ماقۇل، شۇنداق قىلايلى، — دەپتۇ يوھانىسمۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر ـ بىرىگە ھەمراھ بولۇپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە ئېچەكىشىپلا قاپتۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئاق كۆڭۈل ئىكەن. يوھانىسقا ئۇ ئادەم ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئەقىللىق بىلىنىپتۇ، نېمىشقا دېگەندە ئۇنىڭ كۆرگىنىمۇ، بىلگىنىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ئۇلار يول بويى مۇڭدىشىپ مېڭىپتۇ.

ئۇلار بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە ناشتىغا ئولتۇرغاندا، كۈن خېلى ئېگىز ئۆرلەپ بوپتىكەن. شۇ ئەسنادا، قېرىلىقتىن دۈمچىيىپ قالغان، ھاسا تايىقىنى توكۇلدىتىپ ئاران ـ ئاران ماڭىدىغان بىر موماي



ئۆشنىسىدە بىر باغلام ئوتۇن بىلەن مۇدۇرۇلۇپ ـ سۇدۇرۇلۇپ كېلىۋاتقۇدەك. ئۇ پەرتۇقىغا ئۈچ تال شاخ سېلىۋالغان بولۇپ، شاخلارنىڭ ئۈچى پەرتۇقتىن چىقىپ

تۇرغۇدەك. موماي ئۇلارغا يېقىنلا قالغاندا: «ۋايجان !» دەپلا قاپتۇ -دە، بىرنېمىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇلار ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، موماي بىچارىنىڭ پۇتى سۇنغانمىش.

يوھانىس ئۇنى يۆدەپ ئۆيىگە ئاپارماقچى بوپتىكەن، ھەمراھى ئۇنى توسۇپ بوغجۇمىسىنىڭ ئىچىدىن بىر بوتۇلكىنى ئېلىپ، بۇ مەلھەم بىلەن مومايىنىڭ پۇتىنى ساقايتالايمەن، ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆيىگە ئۆزى مېڭىپ كېتىدۇ، دەپتۇ.

ئەمما، ئۇ مومايدىن بۇنىڭ بەدىلىگە پەرتۇقىغا ئورىۋالغان ئۈچ تال تاياقنى تەلەپ قىپتۇ.

— پۇتۇمنى ساقايتىپ ئوبدانلا پايدا ئالامسەن نېمە، — دەپتۇ موماي ئۇ ئۈچ تال تاياققا قىيمىغان ھالدا.

ئۇ ئۈچ تال تاياققا ھەرقانچە قىيمىغان بىلەن پۇتىنى ساقايتىش بۇ يەردە ۋايجانلاپ ياتقاندىن مىڭ ياخشى - دە، شۇنىڭ بىلەن موماي ئۇ تاياقلارنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.

ناتونۇش ئادەم ھېلىقى بوتۇلكىدىكى مەلھەمنى مومايىنىڭ سۇنغان پۇتىغا شۇنداق سۈرۈپتىكەن، موماي شاققىدە ئورنىدىن تۇرۇپ دىكىلداپ مېڭىپ كېتىپتۇ.

— بۇ تاياقلارنى نېمە قىلارسەن؟ — دەپتۇ يوھانىس.

— بۇلار تاياق ئەمەس، بەلكى چىرايلىق ئۈچ گۇلدەستە. مەن ئۇلارنى بەك ياخشى كۆرىمەن. مەن بەك ھاماقەت ئادەممىكەنمەن، — دەپتۇ ناتونۇش كىشى.

ئۇلار بىر مۇساپە بېسىپتۇ.

— ئاپلا، قارا بۇلۇت كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ يوھانىس ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ، — نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق بۇلۇت ئۇ.

— ئۇ بۇلۇت ئەمەس، بەكمۇ گۈزەل بىر تاغ، كىشىلەر ئۇنىڭغا يامىشىپ چىقىپ ساپ تاغ ھاۋاسىدىن نەپەس ئالىدۇ. ئەجەب ياخشى بولدى، ئەتە بىز ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارىمىز.

بۇ تاغ كۆرۈنگىنىدەك ئۇنچىلىك يېقىن ئەمەس ئىكەن. ئۇلار توپتوغرا بىر كۈن مېڭىپ تاغنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ شۇنچىلىك ئېگىز تاغ ئىكەنكى، ئۇنىڭغا چىقىش بەكمۇ قىيىن ئىكەن. شۇڭا ئۇلار ھاردۇقلىرىنى ئوبدان چىقىرىپ تاغقا چىققۇدەك كۈچ توپلاش ئۈچۈن بىر مېھمانسارايغا چۈشۈپتۇ.

مېھمانسارايىنىڭ زالىغا ئادەملەر يىغىلىپ كەتكەن بولۇپ، ياغاچ قونچاق ئوينىتىدىغان سەنئەتكار سەھنە ياساشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئىكەن.

سەھنە پۈتۈپتۇ، تاماشىبىنلار ئۆزلىرىگە لايىق جايدىن ئورۇن ئاپتۇ. ئالدىنقى رەتتىكى ئەڭ ياخشى ئورۇندا سېمىز قاسساپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ يېنىدا تولىمۇ سەت يوغان بىر ئىت دەھشەتلىك كۆزلىرىنى سەھنىگە تىكىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ياغاچ قونچاق ئويۇنى باشلىنىپتۇ. بۇ تولىمۇ قىزىق ئويۇن ئىكەن. ئويۇندا پادىشاھ، خانىش ئالتۇندىن تاج تاقىغان ھالدا تەختتە ئولتۇرىدىكەن. ئەينەك كۆزلۈك ئوماق خىزمەتكار ھاۋا ئالمىشىپ تۇرسۇن، دەپ



ئىشىكنى توختىماي ئىچىپ ـ يېپىپ تۇرىدىكەن. بۇ ئويۇن ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان كومېدىيىلىك ئويۇن ئىكەن.

شۇغىنىسى، خانىش ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا شۇنداق قەدەم تاشلىشىغا، ھېلىقى سەت ئىتقا نېمە بولغان،

توساتتىن ئۇ سەھنىگە ئېتىلىپ چىقىپ كاپلا قىلىپ خانىشنى ئىنچىكە بېلىدىنلا چىشلەپتۇ. ئۇ شۇنچىلىك قاتتىق چىشلەپتۇكى، خانىشتىن «قاراس ـ قۇرۇس» ئاۋاز چىقىپ كېتىپتۇ.

ئويۇن قويۇۋاتقان سەنئەتكار قورقۇپ جېنى چىقىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ. ياغاچ قونچاقلىرى ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ ئوماق خانىشنىڭ قاراسلاپ سۇنۇپ كەتكىنىدىن كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بوپتۇ.

ھەپسىلىسى بىر بولغان تاماشىبىنلار تارقىلىپ كېتىشىپتۇ. يوھانسىنىڭ ھەمراھى قونچاق ئويناتقۇچىنىڭ قېشىغا بېرىپ خانىشنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ـ دە، موماينىڭ پۇتىغا سۈرگەن ھېلىقى مەلھەمنى ئېلىپ خانىشنىڭ بەدىنىگە سۈرتۈپتۇ. ياغاچ خانىش شۇ ھامان ئەسلىگە كەپتۇ، كەلگەندىمۇ بۇرۇنقىدەك يىپ بىلەن تارتىپ ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئەمەس، بەلكى قول ـ پۇتلىرىنى ئۆزى ھەرىكەتلەندۈرەلەيدىغان ھالغا كەپتۇ. خانىشنىڭ گەپ قىلالمىغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تىرىك ئادەمدىن ھېچقانچە پەرق قىلمايدىكەن.

ياغاچ قونچاق ئوينىتىدىغان ئادەم ھەممىدىن بەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. چۈنكى ئۇ يىپلارنى تارتىپ خانىشنىڭ قول ـ پۇتىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلغانىكەن، شۇغىنىسى باشقا قونچاقلار ئۇنداق قىلالمايدىكەن.

تۈن كېچە، ھەممە ئۇيقۇدا ئىكەن. توساتتىن تولىمۇ ھەسرەتلىك ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

بۇ ئاۋازدىن ھەممە ئادەم ئويغىنىپ كېتىپتۇ. بۇ ئاۋاز سەھنە تەرەپتىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن ياغاچ قونچاق ئويناتقۇچى ياغاچ - قونچاقلارنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. بۇنچە ھەسرەتلىك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىغۇچىلار پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ مەھرەملىرى ئىكەن. ئۇلار ئەينەك كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە بىزگىمۇ خانىشقا سورىگەن مەلھەم دورىدىن سوراپ قويسا بوپتىكەن، دەپ ئارزۇ قىلىشىپ ياتقانىكەن.

توساتتىن خانىش زوۋانغا كەپتۇ. ئۇ ئالتۇن تاجىنى بېشىدىن ئېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ يوھانىسنىڭ ھەمراھىغا:

— بۇنى قوبۇل قىلىپ، ئېرىم بىلەن مەھرەملەرگىمۇ خاسىيەتلىك مەلھىمىڭىزدىن سوراپ قويغان بولسىڭىز ! — دەپ يېلىنىپتۇ.

بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن قونچاق ئويناتقۇچى بىلەن بارلىق ياغاچ قونچاقلار يىغلاپ كېتىپتۇ. قونچاق ئويناتقۇچى يوھانىسنىڭ ھەمراھىغا، ئەڭ چىرايلىق تۆت - بەش ياغاچ قونچاققا مەلھەمدىن سوراپ قويسىڭىز، ئەتىسى ئويۇن قويۇپ تاپقان پۇلۇمنىڭ ھەممىسىنى سىزگە بېرەتتىم، دەپ يېلىنىپتۇ. ئەمما، ئۇ، يېنىڭىزدىكى خەنجەرنى بەرسىڭىز، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمىنى ئالمايمەن، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. قونچاق ئويناتقۇچى خەنجىرىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. ئۇ ئالتە قونچاققا مەلھەم دورىنى سوراپ قويۇپتىكەن، ئۇ ئالتە قونچاق قول - پۇتلىرىنى ئوينىتىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن قىزلارمۇ ئۆزىنى تۇتالماستىن قونچاقلار بىلەن بىللە ئۇسسۇل ئويناپ كېتىپتۇ. ئاخىرغا بېرىپ بۇ سورۇنغا ھەممە ئادەم، ھەتتا لاخشىگىر، چوخچىلىغۇچىلاردىن تارتىپ چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئەمما لاخشىگىر بىلەن چوخچىلىغۇچ بىر قەدەم ئالار - ئالمايلا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئىشقىلىپ، بۇ تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئاخشام بوپتۇ.

ئەتىسى يوھانىس بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھى تاغقا چىقىش ئۈچۈن قېلىن ئورمانلىقتىن ئۆتۈپتۇ. ئۇلار تاغنىڭ شۇنچىلىك ئېگىز يېرىگە چىقىپتۇكى، پەستىكى چېركاۋنىڭ قىزىل ئۆگزىسى خۇددى بىر ئالمىچىلىك كۆرۈنۈپتۇ.

ئۇلار ئېگىز تاغدا تۇرۇپ يىراق - يىراقلارغا نەزەر سېپتۇ. يوھانىس ئۆمرىدە بۇنداق چىرايلىق مەنزىرىلەرنى كۆرمىگەنىكەن. ئۇ ھاياجانلىق ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ تۇرۇپ:

— مېھىر - شەپقەتلىك تەڭرىم، سەن بەندىلىرىڭگە دۇنيادىكى جىمى ياخشى نەرسىنى ئاتا قىپسەن، شەپقىتىڭگە ھەشقاللا ! — دەپتۇ.

قۇياش ئىللىق نۇرىنى چېچىپ پارلاپ تۇرىدىكەن، ھەر تەرەپتە ئۇۋچىلار بۇرغىسىنىڭ ئاۋازى ياڭرايدىكەن.

ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان يوغان بىر ئاق قۇنى كۆرۈپتۇ. ئاق قۇ بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن، ئۇ شۇنچىلىك يېقىملىق ناخشا ئېيتىپتۇكى، ھېچقانداق قۇش ئۇنىڭدەك چىرايلىق ناخشا ئېيتالمايدىكەن. لېكىن، ئۇ ئاق قۇ بارغانسېرى ھالىدىن

كېتىپتۇ. ئاخىر ئۇلارنىڭ ئالدىغا پوكىكىدە چۈشۈپ ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۇ بەكمۇ گۈزەل، بەكمۇ گۈزەل قۇش ئىكەن.

— نېمىدېگەن چىرايلىق قاناتلار بۇ، — دەپتۇ يوھانىسنىڭ ھەمراھى، — ئاپئاق ھەم يوغان ئاق قۇنىڭ قانىتى جىق پۇلغا يارايدۇ، بىز ئۇلارنى ئەكېتەيلى. ئەمدىغۇ كۆرگەنسەن، بۇ خەنجەرنىڭ ئەسقاتقىنىنى، — ئۇ شۇنداق دەپلا قۇشنىڭ ئىككى قانىتىنى شارتتىدە كېسىۋاپتۇ.

ئۇلار تاغدىن ئېشىپ يەنە نۇرغۇن يول مېڭىپتۇ. بىر چاغدا ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدە بىر شەھەر كۆرۈنۈپتۇ. بۇ شەھەردە بىرەر يۈزچە قوڭغۇراق مۇنارى ئاپتاپتا خۇددى كۈمۈشتەك پارقىراق كۆرۈنىدىكەن. شەھەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا مەرمەردىن ياسالغان بىر ئوردا، ئوردىدا پادىشاھ بار ئىكەن.

يوھانىس بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھى بۇنداق توپا - تەرەت پېتى شەھەرگە كىرىشنى لايىق تاپماپتۇ - دە، ئۈستىباشلىرىنى تۈزەشتۈرۈش ئۈچۈن شەھەر سىرتىدىكى بىر مېھمانسارايغا چۈشۈپتۇ. مېھمانساراي خوجايىنى ئۇلارغا بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ تولىمۇ رەھىمدىل ئىكەنلىكىنى، ھېچكىمنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشنى خالىمايدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ قىزىنىڭ — ياھەنناس، خۇدا پاناھ بەرسۇن — جاھاندا جۈپتى يوق گۈزەل بولسىمۇ تولىمۇ ئەسكى، شەپقەتسىز جادۇگەر ئىكەنلىكىنى، نۇرغۇن شاھزادىنىڭ ئۇنىڭ قولىدا ھالاك بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

مەيلى شاھزادە بولسۇن، مەيلى دىۋانە بولسۇن، مەلىكە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئەمرىگە ئېلىشىغا قارشى تۇرمايدىكەن، لېكىن ئۇنىڭ ئۈچ شەرتى بار ئىكەن، ئۈچ شەرتنى ئادا قىلالىغان يىگىتكە ئۇ تېگىدىكەن ھەم دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى پادىشاھ قىلىدىكەن، ئەگەر ئۈچ شەرتنىڭ بىرەرىنى ئورۇندىيالمىسا، ئۇ يىگىتنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىدىكەن ياكى بولمىسا دارغا ئېسىپ سازايى قىلىدىكەن. نى - نى بەرنا يىگىتلەر بۇ قارا كۆڭۈل مەلىكىنىڭ قولىدا ھالاك بولغانىكەن.

پادىشاھ مەلىكىنىڭ بۇ ۋەھشىيلىكىدىن بەكمۇ ئازابلىنىدىكەن، ئەمما ئۇنى بۇ قىلمىشلىرىدىن توسۇيالمايدىكەن، چۈنكى ئۇ مەلىكىگە نىكاھ ئىشىغا ئارىلاشمايمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنىكەن. ھەر قېتىم مەلىكىنىڭ شەرتىنى ئادا قىلغىلى كەلگەن يىگىتلەر دارغا ئېسىلىشتىن ياكى ئۇلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىشتىن ئىلگىرى قاتتىق قايغۇرغان پادىشاھ قىزىنى بۇ قاتىللىقتىن توسۇپ قېلىشقا كۆپ ئورۇنىدىكەن، لېكىن باغرى تاش مەلىكە ئۇنىڭ گەپلىرىنى قاپتىلىغىمۇ ئېلىپ قويمايدىكەن، ھەتتا پادىشاھ يىلدا بىر كۈن بارلىق لەشكەرلىرى بىلەن مەلىكىنىڭ نىيىتىدىن يېنىشىنى تىلەپ ئۇنىڭ ئالدىدا تاڭ سەھەردىن تا كەچ كىرگۈچە تىزلىنىپ ئولتۇرىدىكەن، ئەمما مەلىكىنى قىلچە ئېرىتەلمەيدىكەن.

— قانخور مەلىكە، ئۇنى قاتتىق قامچىلاش كېرەك، — دەپتۇ يوھانىس بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، —

ئەگەر پادىشاھنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام، ئۇنى راسا قامچىلاپ تېنىنى تىلىم - تىلىم قان قىلىۋېتەتتىم.

دەل شۇ پەيتتە، سىرتتا تەنتەنە ئاۋازلىرى ياڭراپتۇ. يوھانىس بىلەن ھەمراھى يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقىپتۇ. ئەسلىدە مەلىكە بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىدىن ئەقىل - ھوشىنى يوقاتقان خالايىق ئۇنىڭ كەچۈرگۈسىز گۇناھلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ تەنتەنە قىلىشىۋاتقانىكەن. ئاپئاق يىپەك كىيىم كىيىپ، ئالتۇننىڭ رەڭگىدىكى كۈركۈم گۈلىنى تۇتۇۋالغان پەرىلەردەك گۈزەل ئون ئىككى قىز ئارغىماقلارغا مىنىپ ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە كېتىۋاتقۇدەك، مەلىكە ئاپئاق ئاتنى مىنىپ ھەممىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭىپتۇدەك. ئۇ ئاتنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرى ئالتۇندىن بولۇپ، ھەممە يېرىگە ئېسىل جاۋاھىراتلاردىن كۆز قويۇلغانمىش.

مەلىكىنى كۆرگەن يوھانىس شەلپەردەك قىزىرىپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قاپتۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئۇ مەلىكە يوھانىس دادىسى تۈگەپ كەتكەن كېچىدە چۈشىدە كۆرگەن ئالتۇن تاجلىق قىزنىڭ دەل ئۆزى ئىكەن. يوھانىس ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا مەلىكىگە مەپتۇن بولۇپ قاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ گۈزەل پەرى ھەرقانچە بولسىمۇ پېرىخون خوتۇنلاردىنمۇ ئەسكى بولماس!» دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئۇنىڭ يىگىتلەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىشىغا پەقەت ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «مەيلى شاھزادە، مەيلى تىلەمچى بولسۇن، كىملا بولمىسۇن ئۇنىڭغا لايىق بولسا بولىدىكەنغۇ، ئەتە ئوردىغا كىرىپ سىناپ باقمايمەنمۇ، جېنىمدىن ئايرىلساممۇ مەيلى»

دېگەن يەرگە كەپتۇ.

ئۇنىڭ مۇشۇنداق نىيەتكە كەلگىنىنى ئاڭلىغان خالايىق سەنمۇ باشقىلاردەك جېنىڭدىن ئايرىلىسەن، دەپ تۇسۇپتۇ، ھەمراھىمۇ ئۇنى تۇسۇپ بېقىپتۇ، لېكىن يوھانىس ھەممە ئىش ئوڭشۇلۇق بولىدۇ، دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئايىغىنى مايلاپ، ئالتۇندەك سېرىق چېچىنى تاراپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

يوھانىس پادىشاھنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ ئالتۇن تاجنى تاقاپ، بىر قولىدا سەۋلىجان، يەنە بىر قولىدا ئالتۇن ئالما تۇتقىنىچە ئولتۇرغانىكەن. ئۇ يوھانىسنى ناھايىتى ئىززەت بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ئۇ يوھانىسنىڭ مۇددىئاسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يىغلاپ كېتىپتۇ، قوللىرىدىكى سەۋلىجان بىلەن ئالتۇن ئالما يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— نىيىتىڭدىن يان، يىگىت! سېنىمۇ باشقىلارغا ئوخشاش نەس باسىدۇ. ئىشەنمىسەڭ، يۈر مەن بىلەن! — دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنى مەلىكە سەيلە - تاماشا قىلىدىغان باغقا باشلاپ بېرىپتۇ.

ياھەنناس، ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ! ھەربىر تۈپ دەرەخكە مەلىكىگە لايىق بولۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ شەرتىنى ئادا قىلالمىغان شاھزادىلەر ئۈچ - تۆتتىن ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. ئازراقلا شامال چىقسا بۇ مۇردىلار لەپەڭلەپ قۇشلارنىمۇ قورقۇتۇۋېتەرمىش، قورقۇپ كەتكەن قۇشلار

بۇ باغقا ھەرگىزمۇ يولىماسمىش.

— كۆردۈڭمۇ؟— دەپتۇ پادىشاھ، — سەنمۇ مۇشۇلارنىڭ كۈنىگە قالىسەن. «ئېسىڭنىڭ بارىدا ئېتىكىڭنى ياپ» دەپتىكەن كونىلار، شۇڭا سەنمۇ مۇشۇ يەردە توختاپ قال. ساڭا قارىسام يۈرىكىم ئېچىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

يوھانىس پادىشاھنىڭ قولىغا سۆيۈپ تۇرۇپ، بۇ ئىشتا غەلىبە قىلىشتا ئىشەنچىنىڭ كامىللىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزى كۆيگەن مەلىكە ئۈچۈن ھەرنېمە قىلىشتىن يانمايدىكەن.

شۇ ئەسنادا، كېنىزەكلەر ئوتتۇرىغا ئالغان مەلىكە باغقا كىرىپتۇ. يوھانىس چوڭقۇر تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭدىن ئېسەنلىك سوراپتۇ. ئۇ گۈزەلمۇ مىڭ خىل ناز - جىلۋە بىلەن قولىنى يوھانىسقا ئۇزىتىپتۇ. ئۇ يوھانىسنىڭ كۆزىگە بۇرۇنقىدىنمۇ گۈزەل، لاتاپەتلىك كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ شۇنچە ياۋۇزلۇقىغا زادى ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ.

ئۇلار خۇشال - خۇرام ئوردىغا قايتىپتۇ ۋە ھەر - خىل نازۇنېمەتلەر بىلەن تولغان ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىراق، بۇ نازۇنېمەتلەر پادىشاھنىڭ گېلىدىن پەقەت ئۆتمەپتۇ، چۈنكى قايغۇ - ھەسرەت ئۇنىڭ گېلىنى غىققىدە قىلىپ قويغانىكەن.

ئۇلار داستىخان ئۈستىدە ئەتىكى ھايات - ماماتلىق مىنۇتلارنىڭ ۋاقتىنى بېكىتىپتۇ. يوھانىس ئەتە تۈنجى تېپىشماقنى تاپىدىكەن، ئۇنى تاپالىسا يەنە تېخى ئىككى قېتىملىقى قالىدىكەن. لېكىن تېخى ھېچكىم ئىككىنچى

تېپىشماقنى تېپىپ باقمىغانىكەن.

يوھانىس ئۆزىنىڭ نېمە بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەپتۇ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى مەلىكىنىڭ ۋىسالىغا يېتىشتە ئىكەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ شەپقەتلىك تەڭرىنىڭ ئۆزىگە مەدەتكار ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىدىكەن. ئۇ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغمىغان ھالدا ئۆزلىرى چۈشكەن مېھمانسارايغا، ھەمراھىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەپتۇ ۋە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى ئۇنىڭغا زوق ـ شوق بىلەن سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ھەمراھى بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ غەمكىنلىك بىلەن:

— مەن ساڭا بەكمۇ ئېچىل بولۇپ قالغان، بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئايرىلماسمىز دەپ ئويلىغانىدىم، قارىسام سەندىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايمەن. ھەي، بىچارە دوستۇم، بويىنۇڭغا ئېسىلىپ قانغۇدەك يىغلىغۇم بارتى، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلماي دەپ ئۆزۈمنى چىڭ تۇتۇۋېلىۋاتىمەن. بوپتۇ، ئەتە سېنى يولغا سېلىۋېتىپ ئاندىن قانغۇدەك يىغلىۋالارمەن، — دەپتۇ.

بۇ شەھەردىكىلەر بىر يىگىتنىڭ مەلىكىگە لايىق بولۇپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ ۋەسۋەسىگە چۈشۈپتۇ. سودىگەرلەر دۇكانلىرىنى، ئاشپەزلەر ئاشپۇزۇللىرىنى تاقاپتۇ، پادىشاھ بىلەن پوپ چېركاۋغا كىرىپ، مەلىكىنىڭ ئىنساپىنى تىلەپ باش كۆتۈرمەي دۇئا ـ تىلاۋەت قىپتۇ. چۈنكى، ئۇلار يوھانىسنىڭ قىسمىتىنىڭ باشتىكى يىگىتلەرگە ئوخشاش بولۇشىنى ئويلاپ بەك ئازابلىنىدىكەن.

ئاخشىمى يوھانىسنىڭ ھەمراھى ئۇنىڭغا ئۇخلىتىش

دورىسى سىڭىنغان قەدەھ تۇتۇپ ئۇنىڭ مەلىكىنىڭ ۋىسالىغا يېتىشىنى تىلەپتۇ. ئۇلار قانغۇدەك مەي ئىچىشىپتۇ. بىر چاغدا، يوھانىس قايىقنىمۇ ئاچالماستىن پوكىلا چۇشۇپ قاتتىق ئۇيقۇغا غەرق بوپتۇ.

يوھانىسنىڭ ھەمراھى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئاق قۇنىڭ بەدىنىدىن كېسىۋالغان ئىككى قاناتنى مۈرىسىگە قاداپتۇ، ئاندىن پۈتى سۇنۇپ كەتكەن مومايدىن ئالغان ئۈچ تاياقنىڭ ئەڭ ئۇزۇنىنى ئاپتۇ - دە، دېرىزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇ ئۇچقانچە ئوردىغا كىرىپ مەلىكىنىڭ ھوجرىسىنىڭ دېرىزە تەكچىسىگە قونۇپتۇ.

پۈتۈن شەھەر ئۇيقۇدا، ھەممە ياق تىمتاس ئىكەن. سائەت ئون ئىككىگە چارەك قالغاندا، مەلىكە ئاپئاق كىيىنىپ قارا قاناتلىرىنى قاققىنىچە دېرىزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ، ئاندىن شەھەرنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ بىر چوڭ تاغقا كىرىپ كېتىپتۇ. يوھانىسنىڭ ھەمراھى ئۆزىگە سېھىر ئىشلەتكەچكە، مەلىكە ئۇنى كۆرمەي قاپتۇ. يوھانىسنىڭ ھەمراھىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇچۇپتۇ.

ئۇ شۇنچىلىك تېز ئۇچۇپتۇكى، چاپىنىنىڭ پېشى شامالدا لەپىلدەپ «غۇي ... غۇي» ئاۋاز چىقىرىپتۇ. ئۇ مەلىكىگە يېتىشىۋېلىپ قولىدىكى تاياق بىلەن ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ. ھەربىر تاياق تەگكەن يەردىن تىلىم - تىلىم قان ئېتىلىپ چىقىدىكەن، ھەر قېتىم تاياق يېگەن مەلىكە: «ۋايجان ! نېمانداق قاتتىق مۆلدۈر بۇ !» دەپ چىرقىرايدىكەن.

مەلىكە ئاشۇنداق قاقشاپ، يىغلاپ ئاخىر تاغنىڭ قېشىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ بىرنېمىلەرنى دەپتىكەن، تاغ ۋاققىدە يېرىلىپتۇ. مەلىكە تاغنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ، كەينىدىنلا يوھاننىسنىڭ ھەمراھى كىرىپتۇ.

ئۇلار ئۇزۇن بىر كارىدوردىن ئۆتۈپتۇ. كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تامدا مىڭلىغان پارقىراق ئۆمۈچۈكلەر ئۆمىلىشىپ يۈرگەچكە، كارىدورنىڭ ئىچى كۈندۈزدەك يوپيورۇق ئىكەن. ئۇلار كارىدوردىن ئۆتۈپ ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان بىر قەسىرگە كىرىپتۇ. بۇ قەسىردە نەچچە مىڭ خىل زىياندداش ھاشارات غوڭۇلداپ ئۇچۇپ يۈرىدىكەن. ھەر خىل، ھەر رەڭدە ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنىڭ غولى پۈتۈنلەي زەھەرلىك يىلان ئىكەن.

قەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەخت بولۇپ، تەختنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككىدىن تۆت ئاتنىڭ ئىسكىلىتى بار ئىكەن. تەختنىڭ ئولتۇرىدىغان يېرى بىر - بىرىنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپ تۇرغان قارا رەڭلىك چاشقانلاردىن ياسالغانىكەن.

تەختتە بېشىغا تاج كىيگەن بەكمۇ بەتبەشىرە قېرى جادۇگەر ئولتۇرىدىكەن. مەلىكە بېرىپ ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ، قېرى جادۇگەر جاۋابەن ئۇنىڭ قولىنىڭ دۈمبىسىگە سۆيۈپ قويۇپتۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

نەغمە - ناۋا باشلىنىپتۇ. قارا چېكەتكىلەر مىزگان چېلىپتۇ، ھۇۋقۇش قورسىقىنى دۇمباق قىلىپ چېلىپتۇ، جىمى جىن - شاياتۇنلار ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ.



سېھىر ئىشلىتىپ كۆزگە كۆرۈنمەس بولۇۋالغان ھەمراھنى ھېچكىم كۆرمەپتۇ، ئەكسىچە ئۇ بۇ يەردە بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ.

ئوردا مۇلازىملىرىمۇ بۇ سورۇنغا ئىشتىراك قىپتۇ. ئۇلار ئەسلىدە سۇپۇرگە، شاخ ـ شۇمبا بولۇپ، جادۇگەر سېھىر ئىشلىتىپ ئۇلارنى يىپەك كىيىملىك مۇلازىملارغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىكەن.

ئويۇن ـ تاماشا ئەۋجىگە چىققاندا، مەلىكە جادۇگەرگە ئۆزىگە يەنە بىر لايىق چىققانلىقىنى، ئۇنىڭدىن نېمە سوئال سورىسا بولىدىغانلىقىنى

سوراپتۇ.

— گېپىمگە قۇلاق سال، — دەپتۇ جادۇگەر، — سەن ئۇنىڭدىن ئەڭ ئاددىي سوئالنى سورا، ئۇنداق ئاددىي سوئال سورىشىڭنى ئۇ خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. سەن ئۆزۈڭنىڭ بىر پاي كەشىنى ئويلا، ئۇ بۇنى تاپالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن سەن ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىسەن. ئەتە ئاخشام قېشىمغا كەلگىنىڭدە، ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقىنى ئالغاچ كېلىشنى ئۇنتۇما، كۆز قارىچۇقى يېگۈم بەكلا كېلىپ كەتتى.

مەلىكە، ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، دەپتۇ، ئاندىن چوڭقۇر تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. جادۇگەر تاغنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىپتۇ، مەلىكە ئوردىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. يوھاننىسنىڭ ھەمراھىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي ئۇنى تاياق بىلەن راسا ساۋداپ ئۇچۇپتۇ. مەلىكە يەنە قارغىش تەگكۈر مۆلدۈر دەپ تىللاپ، زارلىغىنىچە ھۇجرىسىغا تېزرەك كىرىۋېلىش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە ئۇچۇپتۇ.

يوھاننىسنىڭ ھەمراھى مېھمانسارايغا قايتىپ كېلىپ قارىسا يوھاننىس بىر خىلدا ئۇخلاۋاتقۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ قاناتلىرىنى ئېلىۋېتىپ كارىۋاتتا يېتىپلا تاشتەك ئۇخلاپ كېتىپتۇ، چۈنكى ئۇ بەك ھېرىپ كەتكەنىكەن.

يوھاننىس ناھايىتى سەھەر ئويغىنىپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ھەمراھىمۇ ئويغىنىپ، ئۇنىڭغا:

— مەن بەكمۇ غەلىتە چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە مەلىكە بىلەن ئۇنىڭ بىر پاي كەشىنى كۆرۈپتىمەن. مەلىكە سەندىن نېمە ئويلاۋاتىمەن؟ دەپ سورىسا، سەن،

بىر پاي كەشتىنى ئويلاۋاتىمىز، دەپ جاۋاب بەرگىن، — دەپتۇ. ئەمما ئۇ بۇنى جادۇگەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغىنىنى يوھانىسقا ئېيتماپتۇ.

— چۈشۈڭدە ئايان بولغىنى بەلكى توغرىدۇر، چۈنكى ماڭا پەرۋەردىگارنىڭ مەدەت بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. شۇنداقتىمۇ سەن بىلەن خوشلىشىۋالاي، قازارەن خاتا جاۋاب بېرىپ قالسام، سەن بىلەن مەڭگۈ كۆرۈشەلمەسلىكىم مۇمكىن.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ خوشلىشىپتۇ، ئاندىن يوھانىس ئوردىغا قاراپ يول ئاپتۇ.

ئوردىغا پۈتۈن ساراي ئەھلى يىغىلغانىكەن. ئوردىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پادىشاھ ئاپئاق لۆڭگە بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، ئۇنىڭ يېنىدا سودىيە بېشىنىڭ كەينىگە قويۇلغان پەي ياستۇققا يۆلەنگىنىچە گىدىيىپ ئولتۇرارمىش.

بىردەمدىن كېيىن تۇنۇگۈنكىدىنمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن مەلىكە يەڭگىل قەدەملەر بىلەن كىرىپ كەپتۇ. ئۇ ساراي ئەھلىگە ئىززەت - ئىكرام بىلەن سالام قىپتۇ. يوھانىس ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، مەلىكەم، — دەپ قولىنى ئۇزىتىپتۇ.

ئەمدى يوھانىس مەلىكىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى تاپىدىغان چاغ كەپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭغا شۇنچىلىك مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇكى، خاتا جاۋاب بەرسە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشىغا يوھانىسنىڭ

ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ. ئەمما، ئۇ مەلىكىگە، هازىر بىر پاي كەشىڭىزنى خىيال قىلىۋاتىسىز، دەپ جاۋاب بېرىشىگە، مەلىكىنىڭ چىرايى شۇنچىلىك سۇرۇنلىشىپ كېتىپتۇكى، ئەيىۇھەنناس، بايامقى ئۇزلۇقىدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ، غەزەپتىن جاق ـ جاق تىترەپتۇ. شۇغىنىسى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيدىكەن، چۈنكى يوھانىس ئۇنىڭ ئويلىغىنىنى توغرا تېپىۋالغانىكەن.

«ھەببەللى !» پادىشاھ ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ، خۇشلۇقىدىن موللاق ئېتىۋېتىپتۇ. ھەممە ئادەم يوھانىسنىڭ شەنىگە ئالقىشلار ياڭرىتىپتۇ. بىرىنچى تېپىشماقنى ئۇ توغرا تېپىپتۇ.

يوھانىسنىڭ ھەمراھى ئۇنىڭ بىرىنچى ئۆتكەلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بوپتۇ. يوھانىس بولسا تەڭرىنىڭ ئۆزىگە مەدەت بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىپ ۋە ئىككىنچى قېتىممۇ مەدەت بېرىشىنى تىلەپ دۇئا قىپتۇ.

كېچىسى يەنە ئالدىنقى كېچىدىكى ئەھۋال تەكرارلىنىپتۇ. يوھانىس ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەمراھى مەلىكىگە ئەگىشىپ تاغنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. ئۇ يول بويى ئىككى تال تاياق بىلەن مەلىكىنى ئالدىنقى قېتىمقىدىنمۇ بەكرەك قاتتىق ساۋىداپتۇ. ئۇ جادۇگەر بىلەن مەلىكىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىۋېلىپ، يوھانىسقا يەنىلا چۈش ئۆرۈپ بەرگەن بولۇپ، بۇ قېتىم مەلىكىنىڭ پەلىيىنى خىيال قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ.

ئەتىسى يوھانىس ئوردىغا بېرىپتۇ ھەم مەلىكىنىڭ

سوئالىغا توغرا جاۋاب بېرىپتۇ. ساراي ئەھلى تەنتەنە قىلىشىپ كېتىپتۇ. ھەممە ئادەم خۇددى پادىشاھدەكلا موللاق ئېتىشىپ كېتىپتۇ. مەلىكە بولسا پۈتۈن بەدىنى بوشاشقان ھالدا ئالتۇن كۇرسىدا يېتىپ قاپتۇ.

ئەمدىكى گەپ، يوھانىسنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق سوئالغا جاۋاب بېرەلىشى ياكى بېرەلمەسلىكىدە قاپتۇ. ئۇ ئۈچىنچى قېتىملىق ئۆتكەلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتەلىسە، مەلىكىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپلا قالماي، پادىشاھ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغاندىن كېيىن تەختكە چىقىدىكەن؛ ناۋادا ئوڭۇشلۇق ئۆتەلمىسە، ئۇ جېنىدىن ئايرىلىپلا قالماي، ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى جادۇگەرگە يەم بولىدىكەن.

بۇ كۈنى ئاخشىمىمۇ يوھانىس پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىپ بولۇپ بالدۇرلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن غېمى ھەمراھىغا قاپتۇ. ئۇ ئاق قۇ پېيىنى قاداپ، يېنىغا شەمشىرىنى ئېسىپ، قولىغا ئۈچ تال تاياقنى ئېلىپ ئوردىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ.

بۇ تولىمۇ دەھشەتلىك كېچە بوپتۇ. ئۆگزىلەرنى ئېچىۋەتكۇدەك بوران چىقىپ، چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ ئالەمنى مالەم قىلىۋېتىپتۇ.

بىر چاغدا، دېرىزە ئېچىلىپ رەڭگى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەن مەلىكە ئۇچۇپ چىقىپتۇ-دە، دەھشەتلىك ھاۋادىن خۇشال بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ.

يوھانىسنىڭ ھەمراھى ئۈچ تاياقنى بىر قىلىپ ئۇنى ئۇرۇپ، بەدەنلىرىدىن تىلىم - تىلىم قان ئاققۇزۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ يارىسىدىن نۇرغۇن قان ئېقىپ

كەتكەچكە، ماغدۇرى ئۈزۈلۈپ قالاي دېگەندە، ئاران تاغنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ.

— ئاجايىپ دەھشەت چاقماق چېقىپ، قاتتىق بوران چىقىۋاتىدۇ، ئەزەلدىن بۇنداق ھاۋانى كۆرمىگەنىدىم، — دەپتۇ ئۇ جادۇگەرگە، ئاندىن ئۇ يوھاننىسنىڭ ئىككىنچى قېتىممۇ توغرا جاۋاب بەرگەنلىكىنى، ئەتىمۇ توغرا جاۋاب بەرسە، ئۆزىنىڭ ئەمدى بۇ تاغقا كېلەلمەيدىغانلىقىنى، سېھىرنىڭمۇ يوقىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قاتتىق ئازابلىنىپتۇ.

— ئۇنىڭ توغرا جاۋاب بېرىشىگە ئەمدى يول قويماسلىق كېرەك. شۇڭا بۇ قېتىم ئۇ ھەرگىز تاپالمايدىغان نەرسىنى خىيال قىلىشىمىز كېرەك. ناۋادا، ئۇنىمۇ تېپىۋالسا، ئۇنىڭ مەندىنمۇ يامان جادۇگەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ھازىر ھەممىنى ئۇنتۇپ ئۆز كۆڭلىمىزنى خۇش قىلايلى، — دەپتۇ جادۇگەر، ئاندىن مەلىكىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. ئۇلارغا ئەگىشىپ زالدىكى جىمى ئالۋاستى، جىن - شاياتۇنلارمۇ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ.

ئۇلار توختىماي ئويناپتۇ، ئويناپ قانغان چاغدا مەلىكە ئوردىغا قايتماقچى بوپتۇ. جادۇگەر ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇۋېلىش ئۈچۈن، مەلىكىنى خېلى بىر يەرگىچە ئۇزىتىپ بېرىپتۇ.

ئۇلار بوران - چاپقۇن ئىچىدە ئۇچۇپتۇ. يوھاننىسنىڭ ھەمراھى ئۇچ تال تاياقنى بىر قىلىپ ئۇلارنى راسا ئۇرۇپتۇ. ئوردىنىڭ سىرتىدا جادۇگەر مەلىكە بىلەن خوشلىشىۋېتىپ ئۇنىڭغا ئاستا پىچىرلاپتۇ:

— ئەتە مېنىڭ بېشىمنى ئۈيلا !

ئۇ شۇنچىلىك پەس ئاۋاز بىلەن گەپ قىلغان بولسىمۇ، يوھاننىسنىڭ ھەمراھى بەرىبىر ئاڭلىۋاپتۇ.

مەلىكە دېرىزىدىن ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. جادۇگەر كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭاي دېيىشىگە، يوھاننىسنىڭ ھەمراھى ئۇنىڭ قارا ساقىلىدىن تۇتۇۋېلىپ، يېنىدىكى شەمشىرىنى چىقىرىپلا ئۇنىڭ كاللىسىنى شارتتىدە كېسىۋاپتۇ، جادۇگەرنىڭ تېنىنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىپ بېلىقلارغا يەم قىلىپ بېرىپتۇ، كاللىسىنى تاۋار ياغلىققا ئوراپ مېھمانسارايغا قايتىپتۇ ـ دە، بەخىرامان ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە ئۇ ھېلىقى تاۋار ياغلىقنى يوھاننىسقا بېرىپ، مەلىكە ئۇنىڭدىن سوئال سورىمىغۇچە ياغلىقنى ھەرگىز ئاچماسلىقنى تاپىلاپتۇ.

ئوردىغا ھەر قېتىمقىدىنمۇ جىق ئادەم يىغىلىپتۇ. پادىشاھ تەختىدە ناھايىتى روھلۇق ئولتۇرۇپتۇ، ئەمما مەلىكىنىڭ چىرايى كۆكىرىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى ماتەم مۇراسىمىغا قاتنىشىدىغاندەك قاپقارا كىيىنىۋالغانىكەن. ئۇ يوھاننىستىن:

— مەن شۇ تاپتا نېمىنى خىيال قىلىۋاتىمەن ؟ — دەپ سوراپتۇ.

يوھاننىس تاۋار ياغلىقنى شاققىدە ئېچىپتۇ، مەلىكە قورققىنىدىن داڭقېتىپ قاپتۇ. سورۇن ئەھلىمۇ بۇ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشتىن تىترەپ كېتىپتۇ.

مەلىكە خۇددى بۇتتەك بىرھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، يوھاننىسقا قولىنى

ئۇزىتىپ:

— جاۋابىڭىز توغرا بولدى، سىز ماڭا ئەر بولىدىغان بولدىڭىز، بۈگۈن ئاخشام توي قىلايلى، — دەپتۇ.

— ئەجەب خۇش بولدۇم، ئىشلار ئەسلىي مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى، — دەپتۇ پادىشاھ خۇشلۇقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماستىن.

پۈتۈن مەملىكەت قايىنام - تاشقىنلىققا، خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ. چېركاۋلارنىڭ قوڭغۇراقلىرى جاراڭلاپ، ئۇستا ئاشپەزلەر ئۆز ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىشكە ئالدىرىشىپتۇ. مەي - شارابلار تۈك - تۆكى بىلەن تەييارلىنىپ، مۇزىكانتلار سازلىرىنى سازلاپتۇ.

ئاخشىمى، ساليوتلار ئېتىلىپ پۈتۈن شەھەر خۇددى كۈندۈزدەك يورۇپ كېتىپتۇ. ئوردا ئالدىغا يىغىلغان خالايىق خۇشال ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ تاڭ ئاتقۇچە بەزمە قىپتۇ.

شۇنىڭدىن قىپ، مەلىكە تېخىچە سېھىرلەنگەنلىك ئىكەن، شۇڭا يوھاننىسنى پەقەت ياخشى كۆرمەيدىكەن. ئۇنىڭ ھەمراھىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بار ئىكەن. شۇڭا ئۇ يوھاننىسقا ئاق قۇنىڭ ئۈچ تال پېيى بىلەن خاسىيەتلىك سۇ قاچىلانغان بىر شېشىنى بېرىپ، ئۇنىڭغا:

— كارىۋاتنىڭ ئالدىغا يوغان بىر داس سۇ قويۇپ ئۇنىڭغا شېشىدىكى سۇنى تۆك، ئاندىن مەلىكە كارىۋاتقا چىقاي دېيىشىگە ئۇنى سۇغا ئىتتىرىۋەت. ئارقىدىنلا ئاق قۇنىڭ پېيىنى سۇغا تاشلاپ، مەلىكىنى ئۈچ قېتىم ئاشۇ سۇغا باس. شۇنداق قىلساڭ، ئۇنى بەند قىلىۋالغان سېھىر يېشىلىپ، سېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان

بولىدۇ، — دەپتۇ.

يوھانىس ھەمراھىنىڭ دېگىنىنى بىر - بىرلەپ بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ مەلىكىنى تۇنجى قېتىم سوغا باسقىنىدا، مەلىكە تېپچەكلەپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ ھۆجرىنى بېشىغا كىيىپتۇ، ئاندىن كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان قارا قۇغا ئايلىنىپتۇ؛ ئىككىنچى قېتىم سوغا باسقاندا، ئۇ سودىن ئاپئاق ئاق قۇغا ئايلىنىپ چىقىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ بوينىدا بىر قارا چەمبەر قاپتۇ. يوھانىس تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ ئۇنى ئۈچىنچى قېتىم سوغا بېسىپتىكەن، ئۇ بۇ قېتىم ئەڭ، ئەڭ گۈزەل بىر مەلىكىگە ئايلىنىپتۇ. ئۇ چىرايلىق كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى سېھىر - جادۇدىن قۇتۇلدۇرغان يوھانىسقا رەھمەت ئېيتىپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە، پادىشاھ بىلەن ۋەزىر - ۋۇزرالار يېڭى توي قىلغان بۇ بىر جۈپ ياشنى تەبرىكلەپ كەپتۇ، تا ئاخشامغىچە مۇبارەكلەپ كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەپتۇ. ئەڭ ئاخىردا ئۆشنىسىگە يۈكىنى ئارتىپ قولىغا ھاسا تۇتقان يوھانىسنىڭ ھەمراھى كەپتۇ. يوھانىس ئۇنى توختىماي سۆيۈپ تۇرۇپ:

— كەتمە، بىز بىللە تۇرايلى، ماڭا بۇ بەخت - ئامەتنى سەن بەردىڭ، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

ئەمما، يوھانىسنىڭ ھەمراھى بېشىنى چايقاپ مۇلايىملىق بىلەن:

— رەھمەت، مېنىڭ قەرەلىم توشتى، مەن پەقەت بوينۇمدىكى قەرزىمنى ئادا قىلدىم، خالاس. ئىككى ئەسكى ئادەم ئاچىقىپ چېركاۋنىڭ سىرتىغا

تاشلىۋەتمەكچى بولغان مۇردا ئېسىڭدىدۇ؟ سەن ئۇنىڭ خاتىرجەم يېتىشى ئۈچۈن بارلىقىڭنى ئاتا قىلغانىدىڭ. ئاشۇ جەسەت مانا مەن بولىمەن، — دەپتۇ — دە، شۇئان كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

توي بىر ئاي داۋام قىپتۇ. يوھانىس بىلەن مەلىكە بىر ـ بىرىگە يارىيېلىمدەك يېپىشىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يوھانىس ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولۇپ، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن بىر ئۆمۈر بەختلىك ياشاپتۇ.



# بەرنزات بىلوچ

دېڭىزنىڭ ئىچكىرىسى خۇددى فىروزىدەك يېشىل، خۇددى ئەينەكتەك سۈزۈك كۆرۈنىدىكەن، ئەمما بەكلا چوڭقۇر ئىكەن، ھېچقانداق ياكور ئۇنىڭ تەكتىگە يېتەلمەيدىكەن، نەچچە چېركاۋ مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكىنى قوشقاندا، ئاندىن ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بويلىيالايدىكەن، ئەنە شۇ دېڭىزنىڭ ئاستىدا دېڭىز دۆلىتىنىڭ ئادەملىرى ياشايدىكەن.

دېڭىزنىڭ ئاستىنى ئاپئاق قۇملۇق دەپ قالماڭلار. دېڭىز ئاستىدا ئاجايىپ - غارايىپ دەرەخلەر، ھەر خىل - ھەر ياڭزا ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدىكەن. ئۇلارنىڭ غول - يوپۇرماقلىرى تولىمۇ يۇمران بولۇپ، سۇ سەللا چايقالسا، ئۇلار خۇددى جېنى باردەك يەلپۈنۈپ كېتىدىكەن. دېڭىز ئاستىدىكى بېلىقلار خۇددى يەر

ئۈستىدىكى قۇشلار دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىدا سايراپ، شاختىن شاخقا قونۇپ ئوينىغاندەك، يېشىللىقلار ئارىسىدا ئۈزۈپ، ئويناپ يۈرىدىكەن.

دېڭىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە دېڭىز پادىشاھىنىڭ ئوردىسى جايلاشقانىكەن. ئوردىنىڭ تاملىرى مارجاندىن، دېرىزىلىرى كەھرىۋا ـ ھېقىقلاردىن، ئۆگزىسى سەدەپ قۇلۇلىسىدىن يېپىلغانىكەن. سۇنىڭ چايقىلىشىغا ئەگىشىپ قۇلۇلىنىڭ قاپلىرى گاھ ئېچىلىپ، گاھ يېپىلىپ تۇرىدىكەن. ئىچىدە مەرۋايىت بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك، قۇلۇلە قېپى ھەربىر ئېچىلغاندا ۋال ـ ۋۇل قىلىپ جىمى جاھان چاقناپ كېتىدىكەن. ئۇ گۈزەل مەنزىرىنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدىكەن. ئۇ مەرۋايىتلارنىڭ ھەربىر تېلى شاھ، خانىشلارنىڭ تاجىسىغا قاداشقا لايىق ئىكەن.

دېڭىز ئېلىنىڭ پادشاھى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بويتاق ياشاپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئانىسى ئەقىللىق ئايال بولغاچقا، ئائىلىدىكى ئىشلارنى ئۆزى بىر قوللۇق باشقۇرىدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېسىلزادىلىكىدىن تولىمۇ پەخىرلىنىدىكەن، شۇڭا باشقا ئېسىلزادىلەر قۇيرۇقىغا ئالتە تال مۇلى قۇلۇلىسى ئېسىۋالسا، ئۇ ئون ئىككى تال ئېسىپ يۈرىدىكەن. ئۇ نەۋرە قىزلىرىغا بەكمۇ كۆيۈنىدىكەن. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن گۈزەل ئالتە مەلىكە ئىكەن، كەنجىسى گۈزەللىكتە ھەممىسىنى بېسىپ چۈشىدىكەن. ئۇنىڭ تېرىسى گۈل بەرگىلىرىدەك يۇمران، كۆزى زۇمرەتتەك كۆپكۆك ئىكەن. باشقا مەلىكىلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭمۇ پۇتى يوق ئىكەن،

بەدىنىنىڭ تۆۋەن قىسمى بېلىقنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشايدىكەن.

ئۇلار كۈن بويى تاملىرىدا گۈللەر ئۆسكەن ساراي - قەسىرلەردە ياشايدىكەن. خۇددى دېرىزىمىزنى ئېچىپ قويساق قارلىغاچلار ئۆيىمىزگە كىرىپ ئوينىغانغا ئوخشاش، كەھرىۋادىن كۆز قۇيۇلغان ئوچۇق دېرىزىلەردىن ھەر خىل بېلىقلار پىلتىڭلىشىپ كىرىپ مەلىكىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىن يېمەكلىك ئېلىپ يەيدىكەن. مەلىكىلەرمۇ ئۇلارنى سىلاپ ئەركىلىتىدىكەن.

ئوردىنىڭ سىرتىدا بىر باغ بار ئىكەن. ئۇ باغدا چوغدەك قىزىل ۋە كۆپكۆك دەرەخلەر ئۆسكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مېۋىلىرى ئالتۇندەك چاقنىسا، غول - چېچەكلىرى ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرىدىكەن. دېڭىز ئاستىدىكى زەڭگەر قۇم خۇددى فوسفوردەك نۇر چاچىدىكەن. قىسقىسى، دېڭىز ئاستى زەڭگەر دۇنيا ئىكەن. ئۇ يەردە كىشى ئۆزىنى دېڭىز تەكتىدە ئەمەس، ئاسماندا تۇرغاندەك ھېس قىلىدىكەن. ئۇ يەردە تۇرۇپ قۇياشقا قارىسا، قۇياش خۇددى بەرگىلىرىدىن نۇر چېچىۋاتقان يوغان بىنەپشە رەڭ گۈلگە ئوخشايدىكەن.

بۇ باغدا ھەربىر مەلىكىنىڭ ئۆزىگە تەۋە بىر پارچىدىن يېرى بولۇپ، ئۇلار ئۇ يېرىگە خالىغان ئۆسۈملۈكنى تېرىيدىكەن. مەلىكىلەرنىڭ بەزىسى ئۆزىنىڭ گۈللۈكىنى كىت شەكلىدە ياسىسا، بەزىسى پەرىزات بېلىق شەكلىدە ياسايدىكەن. كەنجى مەلىكە بولسا، گۈللۈكىنى يۇمىلاق توپقا ئوخشايدىغان قۇياش

شەكلىدە ياساپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا كۆن نۇرىدەك قىپقىزىل گۈللەرنى تېرىپتۇ. ئۇ باشقىچىلا ئېغىر - بېسىق، ئويچان قىز ئىكەن. ئۇنىڭ ئاچىلىرى چۆكۈپ كەتكەن كېمىدىن ھەر خىل نەرسە - كېرەكلەرنى ئەكېلىپ گۈللۈكلىرىنى بېزىسە، ئۇ پەقەت قىپقىزىل گۈل ۋە مەرمەر ھەيكەلنى ئەكېلىپ گۈللۈكىنى بېزەپتۇ، باشقا ھېچنېمىگە قارىماپتۇ. بۇ ئاق، پارقىراق مەرمەردىن ياسالغان بىر يىگىتنىڭ ھەيكىلى بولۇپ، كېمە بىلەن بىللە دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ كەتكەنىكەن.

كەنجى مەلىكە مەرمەر ھەيكەلنىڭ قېشىغا بىر تۈپ قىپقىزىل مەجنۇنتال تىكىپتۇ. مەجنۇنتال ئاجايىپ باراقسان ئۆسۈپتۇ. ئۇنىڭ شاخ - يوپۇرماقلىرى ھەيكەلگە ۋە زەڭگەر قۇملۇققا تېگىپ تۇرىدىكەن. ۋال - ۋۇل چاقناپ تۇرغان زەڭگەر قۇملۇق بىلەن قىپقىزىل چوغدەك شاخ - يوپۇرماقلار ھەر خىل نۇر - زىيا ئىچىدە ئۇچرىشىپ كىشىگە خۇددى سۈيۈشۈۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن.

كەنجى مەلىكىنىڭ ئەڭ خۇش بولىدىغان ئىشى، ئىنسانلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلاش ئىكەن. مومىسى ئۇنىڭغا كېمىلەر، شەھەرلەر، ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار، قۇشلار توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىدىكەن. ئۇنىڭغا بەكمۇ قىزىق تۇيۇلغىنى، يەردىكى گۈللەرنىڭ خۇش پۇراق چاچىدىغانلىقى، دەرەخلەرنىڭ ياپيېشىللىقى، شاخلاردىكى بېلىقلارنىڭ (مومىسى قۇشلارنى بېلىق دەيدىكەن) سايراپ شاختىن شاخقا سەكرەپ ئوينىشى ئىكەن. چۈنكى، دېڭىز ئاستىدىكى

گۈللەر پۇراقسىز، دەرەخلەر قىپقىزىل بولۇپ، بېلىقلار سايرىمايدىكەن.

— سىلەر ئون بەش ياشقا توشقاندا، — دەپتۇ مومىسى، — يەر ئۈستىگە چىقىشىڭلارغا ئىجازەت بېرىمىز، شۇ چاغدا سىلەر ئايدىڭدا قىيا تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن - كەچكەن چوڭ كېمىلەرنى، شەھەرنى، باغۇبوستانلىقنى كۆرەلەيسىلەر.

كېلەر يىلى ئۇلارنىڭ چوڭ ئاچىسى ئون بەش ياشقا كىرىدىكەن، ئاچا - سىڭىللار بىر - بىرىدىن بىر ياش پەرق قىلغاچقا، ئەڭ كىچىك مەلىكىنىڭ يەر ئۈستىگە چىقىشىغا يەنە بەش يىل بار ئىكەن. ئاچىلىرى مەلىكىگە يەر ئۈستىدە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى نېمىنىڭ ئەڭ ياخشى، نېمىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئىكەنلىكىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىشكە ۋەدە بېرىپتۇ. مومىسىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى بەك ئاز، ئۇلارنىڭ بىلمەكچى بولغانلىرى بەك كۆپ بولغاچقا، مەلىكىلەر تەقەززالىق ئىچىدە ياشايدىكەن.

ھېچقايسى مەلىكە كەنجى مەلىكىدەك ئۇنچە ئىنتىزار ئەمەس ئىكەن، ھېچقايسى مەلىكە ئۇنىڭدەك ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىمايدىكەن. ئۇ جىمغۇر ھەم ئويچان بولغاچقا، سانسىز كېچىلەرنى دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ ئۈستىگە قاراش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بېلىقلار ئۈزۈشۈپ ئوينايدىكەن، ئاي بىلەن يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى ئۇنىڭغا تولىمۇ غۇۋا كۆرۈنىدىكەن، ئەمما دېڭىز ئاستىدىن قارىغاندا، ئاي بىلەن يۇلتۇز بىز كۆرگەندىكىدىن خېلىلا چوڭ كۆرۈنىدىكەن. ناۋادا، ئاي

يۈزىنى بۇلۇتتەك بىرنېمە توسۇۋالسا، ھە، يوغان بىر كىت ئۈستۈمدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپتۇ ياكى بولمىسا لىق ئادەم باسقان كېمە ئۆتۈپتۇ، كېمىدىكى ئادەملەر مەندەك بىر ئادەم بېلىقنىڭ دېڭىز ئاستىدا كېمىدىكىلەرگە قاراپ قول پۇلاڭلىتىۋاتقانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈشمەس، دەپ ئويلايدىكەن.

ئاخىر چوڭ مەلىكە ئون بەش ياشقا تولۇپتۇ. ئۇ ئەمدى سۇ ئۈستىگە چىقسا بولىدىكەن.

ئۇ سۇ ئۈستىگە چىقىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىڭىللىرىغا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ:

— ماڭا ئەڭ گۈزەل تۇيۇلغىنى ئايدىڭدا تىنچ دېڭىز ساھىلىدا يېتىپ تۇرۇپ، چىراغلار چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان شەھەرنى كۆرۈش، ھەر خىل يېقىملىق مۇزىكىلارنى، ھارۋا چاقلىرىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازلىرىنى، ئادەملەرنىڭ گەپ قىلىشقانلىرىنى ئاڭلاش، چېركاۋلارنىڭ ئۇچلۇق مۇنارلىرىنى كۆرۈش، شۇ مۇنارلاردىن ئاڭلانغان قوڭغۇراق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاش ئىكەن، — دەپتۇ.

ئەپسۇس، ئۇ ئۇ يەرلەرگە بارالمىغاچقا، ئاشۇنداق ئارمان بىلەن قايتىپ كەپتۇ.

ئۇنىڭ گەپلىرىنى كەنجى مەلىكە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئاڭلاپتۇ. ئاخشىمى دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ ئۈستىگە قاراپ، خۇددى چىراغلار يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان ئاۋات شەھەرنى كۆرگەندەك، ھەر خىل شاۋقۇن ـ سۈرەنلەرنى ۋە چېركاۋ قوڭغۇراقلىرىنىڭ

ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بوپتۇ.

ياندۇرقى يىلى كەنجى مەلىكىنىڭ ئىككىنچى ئاچىسى ئىجازەتكە ئېرىشىپتۇ. ئۇ سۇ ئۈستىگە چىققاندا قۇياش غەربكە قىيسايغان بولۇپ، ھەممە ياق شەپەق نۇرىغا چۆمۈلگەنىكەن. ئۇنىڭغا بۇ مەنزىرە تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ قايتىپ كېلىپ سىڭىللىرىغا:

— ھەممە ياق ئالتۇندەك شەپەق نۇرىغا چۆمۈلگەنىدە ئالەم ئاجايىپ چىرايلىق تۈسكە كىرىدىكەن، بۇلۇتلارنىڭ چىرايلىقلىقىچۇ تېخى، كۆپكۆك ئاسماندا شەپەق نۇرىغا چۆمۈلۈپ بىنەپشە رەڭدە ئۈزۈپ يۈرىدىكەن. ئاپئاق شايىدەك يېيىلىپ، باش ئۈستۈمدىنلا ئۇلاردىنمۇ تېز ئۇچۇپ ئۆتكەن ئاق قۇلارنى نېمە دەيسىلەر. ئۇلار نەق قۇياشقا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى، ئارقىدىنلا قۇياش پېتىپ، دېڭىز يۈزى قىپقىزىل قىزىرىپ كەتتى، — دەپ بېرىپتۇ.

يەنە بىر يىلدىن كېيىن ئۈچىنچى مەلىكىگە نۆۋەت كەپتۇ. ئۇ مەلىكىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يۈرەكلىكى ئىكەن. ئۇ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان ناھايىتى چوڭ بىر دەرياغىچە ئۈزۈپ بېرىپ، ياپيېشىل تاغلارنى، قاتار كەتكەن ئۈزۈملۈك باغلارنى، بوك - باراقسان دەرەخلىك ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قەلئە، يېزىلارنى، ئۇ يەرلەردە خەندان ئۇرۇپ سايراۋاتقان ھەر خىل قۇشلارنى كۆرۈپ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشلۇققا چۆمۈپتۇ. قۇياش ئوتتەك قىزدۇرغاچقا، ئۇ نەچچە قېتىم سۇغا شۇڭغۇپ، شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى سەگىتىپتۇ. ئۇ

بىر دەريا قولتۇقىدا قىپيالىڭاچ بولۇپ سۇغا چۆشۈپ ئويناۋاتقان باللارنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئوينىغۇسى كېلىپ يېقىن بېرىپتىكەن، باللار ئۇنىڭدىن قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن قارا رەڭلىك بىر هايۋان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاۋاپ كېتىپتۇ. بۇ ئىت ئىكەن، ئۇ ئەزەلدىن ئىتنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، قورقىنىدىن دەرهال دېڭىزغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئەمما، ئاشۇ ئورمانلىقلار، ياپيېشىل تاغلار، سۇدا ئويناۋاتقان باللار ئۇنىڭ كۆڭۈل خاتىرىسىگە ئورناپلا قاپتۇ، گەرچە ئۇ باللارنىڭ ئۆزىنىڭكىدەك ئۇزۇن قۇيرۇقى بولمىسىمۇ.

تۆتىنچى مەلىكە ئۇنچە يۈرەكلىك ئەمەس ئىكەن. ئۇ پەقەت دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە ئۈزۈپ بېرىپ، ئۇ يەر هەممىدىن گۈزەل ئىكەن، دەپ قاپتۇ. ئۇ دېڭىزنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، چوڭ ئەينەك قوڭغۇراقتەك كۆرۈنىدىغان ئاسماننى، كېمىلەرنى كۆرۈپتۇ. كېمىلەر يىراقتىن ئۇنىڭغا خۇددى چايكىلاردەك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ يەنە دېڭىز شىرىنىڭ موللاق ئېتىپ ئويناشلىرىنى، چوڭ كىتنىڭ بۇرنىدىن خۇددى فونتاندەك سۇ پۈركۈشلىرىنى كۆرۈپتۇ.

ئەمدىكى نۆۋەت بەشىنچى مەلىكىنىڭ ئىكەن. ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى قىشتا بولغاچقا، دېڭىز ئۈستىگە چىقىپ ئاچىلىرى كۆرمىگەن مەنزىرىلەرنى كۆرۈپتۇ. زۇمرەتتەك تىنىق دېڭىز ئۈستىدە چېركاۋنىڭ قوڭغۇراق مۇنارىسىدىنمۇ چوڭراق مۇز تاغلار لەيلەپ يۈرگۈدەك، هەر خىل شەكىلدىكى ئۇ مۇز تاغلار خۇددى ئالماستەك

پارقىراپ تۇرغۇدەك. ئۇ ئەڭ چوڭ مۇز تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتىكەن، سوغۇق شامال ئۇنىڭ چاچلىرىنى ھەريان ئۇچۇرۇپتۇ. ئۇياقتىن - بۇياقتا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كېمىلەر ئۇنىڭدىن قورقۇپ مۇز تاغدىن نېرى ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقۇدەك. نامازشام ئارا ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ چاقماق چېقىشقا باشلاپتۇ. قاپقارا تۇس ئالغان دېڭىز سۈيى دولقۇنلىنىپ يوغان - يوغان مۇز پارچىلىرىنى سۇرۇپ مېڭىپتۇ. بارلىق كېمىلەر يەلكەنلىرىنى چۈشۈرۈپ، كېمىدىكىلەر ئالاقزادىلىككە چۈشۈپتۇ. ئەمما مەلىكە تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان دولقۇنغا چۈشكەن چاقماق يورۇقىنى تاماشا قىلىپ خاتىرجەم ئولتۇرۇپتۇ.

مەلىكىلەر تۇنجى قېتىم دېڭىزنىڭ ئۈستىگە چىققاندا ئۆزلىرى كۆرگەن - بىلگەن نەرسىلەردىن چەكسىز خۇشاللىق تاپقانىكەن، ئەمدى ئۇلار چوپچوڭلا قىزلار بولۇپ قالغاچقا، خالىغان يېرىگە ئۈزۈپ بېرىپ ئويناپ كېلىدىكەن. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، بۇ نەرسىلەر ئۇلارغا ئانچە يېڭىلىق تۇيۇلمايدىغان، سىرتقى دۇنيانىڭ گۈزەللىكى كۆزىگە سىڭىپ قالغاچقا، ئۇلارمۇ ئۇنچە گۈزەل تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئاخىر ئۇلار، ھېچ يەر دېڭىز ئاستىغا يەتمەيدىكەن، يەنىلا ئۆيىمىز ياخشىكەن، دېگەن يەرگە كېلىشىپتۇ.

نۇرغۇن كېچىلەردە بەش ئاچا - سىڭىل قولتۇقلىشىپ دېڭىز يۈزىگە چىقىپ قاتار تۇرۇپ يېقىملىق ئاۋازدا ناخشا ئېيتىدىكەن. بوران - چاپقۇنلۇق كېچىلەردە ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان كېمىلەرنىڭ

قېشىغا بېرىپ، دېڭىزنىڭ ئاستى بەك گۈزەل، چوڭكۆپ كېتىشتىن ئۈنچە قورقماڭلار، دەپ ناخشا ئېيتىدىكەن. لېكىن، ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭقىرالمايدىكەن، پەقەت دەھشەتلىك بوران - چاپقۇننىڭ ساداسى دەپلا بىلىدىكەن. يەنە كېلىپ دېڭىزغا چوڭكۆپ كەتكەن بىرەرىمۇ ئۇ يەردىكى گۈزەللىكلەرنى كۆرۈپ باقالىغان ئەمەس ئىكەن.

ھەر قېتىم ئاچىلىرى قولتۇقلىشىپ دېڭىز ئۈستىگە ماڭغاندا، كەنجى مەلىكە بوينىنى قىسىپ قالىدىكەن، ئۇنىڭ بۇقۇلداپ يىغلىغۇلۇغۇسى كېلىدىكەن، ئەمما پەرىزات بېلىقلارنىڭ كۆزىدىن ياش چىقمىغاچقىمىكىن، ئۇنىڭ يىغلاپ ئىچىنى بوشىتىۋېلىشقا ئامالى يوق ئىكەن.

«ئاھ، قاچانمۇ ئون بەش ياشقا كىرەرمەن، — دەيدىكەن ئۇ، — مەن چوقۇم ئۈستىدىكى دۇنيانى ۋە ئۇنىڭدا ياشاۋاتقان ئادەملەرنى ياخشى كۆرۈپ قالىمەن.»

ئۇ ئاخىر ئون بەش ياشقىمۇ كىرىپتۇ.

— مانا، ئەمدى قولىمىزدىن چىقتىڭ، — دەپتۇ مومىسى — ياشانغان خانىش ئۇنىڭغا، — يېنىمغا كەل، مەن ئاچىلىرىڭنى ياساندۇرغاندەك سېنىمۇ ياساندۇرۇپ قوياي.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەنجى مەلىكىنىڭ چېچىغا گۈلسامساقتىن ياسالغان گۈلچەمبىرەكنى كىيدۈرۈپ قويۇپتۇ. گۈلچەمبىرەكتىكى گۈللەرنىڭ ھەربىر تال گۈل بەرگىنىڭ يېرىمى مەرۋايىت ئىكەن. مومىسى ئۇنى تېخىمۇ ئالىيتە كۆرۈنسۇن دەپ، سەككىز مۇلى

قولۇلىسىنى ئۇنىڭ قويرۇقىغا ئېسىپ قويۇپتۇ.

— ۋايجان، ئاغرىپ كەتتى ! — دەپتۇ كەنجى مەلىكە.

— ئاغرىيدۇ شۇ. ئۆز سالاھىيىتىڭنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن چىدىغىن ! — دەپتۇ مومىسى.

ئۇ ئۆزىنى كۆرستىشنى پەقەت خالىمايدىكەن، شۇڭا ئۇ قويرۇقىدىكى مولى قولۇلىلىرىنى يۇلۇپ ئېلىۋەتكۇسى، بېشىدىكى گۈلچەمبىرەكنى پىرقىرىتىپ چۆرۈۋەتكۇسى كەپتۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە باغچىدىكى قىزىلگۈل ئۇنىڭ كۆڭلىگە ھەممىدىن بەك ياقىدىكەن، لېكىن مومىسىنىڭ كۆڭلىگە كېلىشىدىن قورقۇپ ئۇ ئۇنداق قىلالماپتۇ. ئۇ: «خەير - خوش» دەپلا ئۇستىگە قاراپ ئۈزۈپ كېتىپتۇ.

ئۇ سۇدىن بېشىنى چىقارغاندا كۈن ئەمدىلا ئولتۇرۇشقا باشلىغانىكەن. بۇلۇتلار شەپەق نۇرىغا چۆمۈپ خۇددى ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرۇپتىكەن. سۇس قىزىل رەڭگە كىرگەن ئاسمان سەتھىسىدە چولپان يۇلتۇزى پارلىغان، ھاۋا تولىمۇ جانغا راھەت، ساپ ئىكەن، دېڭىز يۈزى تىمتاس بولۇپ، زەررىچە دولقۇنمۇ يوق ئىكەن.

سۇدا ئۈچ ماچتىلىق بىر كېمە توختاقلىق بولۇپ، كىچىككىنىمۇ شامال بولمىغاچقا، پەقەت بىر ماچتىسىغىلا يەلكەن ئېسىلغانىكەن. كېمىچىلەر مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرغانىكەن. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن تەڭ نەچچە يۈزلىگەن رەڭلىك چىراغ بىراقلا يېقىلىپتۇ.

كەنجى مەلىكە ئاستا ئۈزۈپ كېمىگە يېقىنلىشىپتۇ.



ھەر قېتىم دېڭىز سۈيى ئۈنى كۆتۈرۈپ ئۈستىگە ئېلىپ چىققاندا، ئۇ سۈزۈك ئەينەك دېرىزىلەردىن ئىچىدىكى ئادەملەرنى كۆرىدىكەن. كېمە بۆلۈمىنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن چىرايلىق ئادەملەر بار ئىكەن، ھەممىدىن چىرايلىقى يەنىلا ئاشۇ قارا كۆزلۈك شاھزادە ئىكەن. شاھزادە بۇ

يىل ئون ئالتە ياشتا ئىكەن. بۈگۈن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغاچقا، شۇڭا كېمە مۇشۇنداق ھەشەمەتلىك ياسالغان، ئويۇن - بەزمە ئەۋجىگە چىققانىكەن.

كېمىدىكىلەر كېمە پالۋىسىغا چىقىپ ئويناشقا باشلاپتۇ. ياش شاھزادىمۇ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. تۇساتتىن ساليوتلار ئېتىلىپ، ئەتراپ كۈندۈزدەك يورۇپ كېتىپتۇ. قورقۇپ كەتكەن پەرىزات بېلىق دەرھال سۇغا شۇڭغۇپتۇ، ئۇ سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ قارىسا، ئاسماندىكى بارلىق يۇلتۇزلار ئېقىپ چۈشۈۋاتقانىمىش. ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق چىرايلىق ئېتىلغان ساليوتلارنى كۆرمىگەچكە، ئۇنى يۇلتۇزمىكىن دەپ قالغانىكەن. ئۇ ئۆمرىدە بۇنچە كۆپ ئۇچقۇنلارنى كۆرۈپ باقماپتىكەن. بۇ ئوت ئۇچقۇنلىرىنىڭ شولىسى تىنچ دېڭىز يۈزىدە ئەكس ئېتىپ، ئەتراپنى، شۇنداقلا كېمىنى ئاپتاپتەك يورۇتۇۋېتىپتۇ. كېمىنىڭ ئۈستىدىكى ئادەملەر ئېنىق كۆرۈنۈپتۇ. ئاھ، ياش شاھزادە ئەجەب چىرايلىقكەن دېسە، ئۇ كېمىدىكىلەرگە قاراپ كۈلۈپ، ئۇلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئويناۋاتقانىكەن.

تۈن نىسپى بوپتۇ. پەرىزات بېلىق كۆزىنى شاھزادىدىن ئۈزەلمەپتۇ. رەڭدار چىراغلار بىر - بىرلەپ ئۆچۈپ، ساليوت تۇپلىرى ئېتىشتىن توختاپتۇ، دېڭىز سۈيىنىڭ ئىچكىرى بىر يېرىدىن گۈرۈلدىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. پەرىزات بېلىق دېڭىز دولقۇنى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلۈپ، تەڭ پەسىيىپ، كېمىدىكىلەرنى، بولۇپمۇ شاھزادىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇپتۇ.

كېمىنىڭ سۈرئىتى تېزلەپ، يەلكەنلەر ئارقا -

ئارقىدىن يېيىلىپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىكنىڭ ئارىلىقىدا ھاۋا دەھشەتلىك تۇسكە كىرىپتۇ. كېمىچىلەر يەلكەنلەرنى يەنە چۈشۈرۈۋاپتۇ. چوڭ كېمە دولقۇندا چايقىلىپ، تاسقىلىپ تەستە ئىلگىرىلەپتۇ. خۇددى چوڭ قارا تاغدەك بىر دولقۇن كېلىپ كېمە ماچتىسىغا ئۇرۇلۇپتۇ. چوڭ كېمە خۇددى ئاق قۇدەك ئاۋۋال دېڭىزنىڭ ئاستىغا بىر چۆكۈپ، ئاندىن يەنە مۇناردىنمۇ ئېگىز دولقۇننىڭ ئۇستىگە چىقىپتۇ.

كەنجى مەلىكىگە بۇ تولىمۇ كۆڭۈللۈك سەپەردەك بىلىنىپتۇ، ئەمما كېمىچىلەر ئۇنىڭدەك ئويلىماپتۇ. كېمىدىن قاراس - قۇرۇس ئاۋازلار چىقىپ، ئۇستىدىكى نەرسىلەر بىر - بىرىگە سوقۇلۇشقا، قېلىن تاختايلار يېرىلىشقا باشلاپتۇ. غايەت زور بىر دولقۇن كېلىپ كېمىگە ئۆزىنى بىر ئۇرۇپتىكەن، كېمە ماچتىلىرى خۇددى بىر تال قومۇشتەك ئوشتۇلۇپ ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ. كېمە قىيسىيىپ ئىچىگە سۇ كىرىشكە باشلاپتۇ. كېمىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىغانلىقىنى كەنجى مەلىكە پەقەت شۇ چاغدىلا بىلىپتۇ ۋە چېقىلغان، سۇنغان نەرسىلەرنىڭ ئۆزىنى يارىلاندۇرۇپ قويۇشىدىن ھەزەر ئەيلەشكە باشلاپتۇ.

توساتتىن يەر - جاھاننى قاراڭغۇلۇق بېسىپ ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولماپتۇ، پەقەت چاقماق چېقىلغاندىلا كېمىنى ۋە كېمىدىكى ئادەملەرنى كۆرگىلى بولىدىكەن. مەلىكە كۆرۈپتۇكى، كېمىدىكىلەر ئىلاجىنىڭ بارىچە ئۆزلىرىنى سالماق تۇتۇشقا تىرىشىۋاتقۇدەك. كەنجى مەلىكە شاھزادىگە ئالاھىدە دىققەت قىپتۇ.

شاھزادە ۋەيران بولغان كېمە بىلەن بىللە چۆكۈپ كېتىۋاتقۇدەك. شاھزادە مەن تۇرىدىغان يەرگە چۈشىدىغان بولدى، دەپ كەنجى مەلىكىنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارماپتۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ دېڭىز تەكتىدە ياشىيالمايدىغانلىقى، پەقەت ئۆلگەندىلا دادىسىنىڭ ئوردىسىغا كىرەلەيدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىكەن.

ياق، شاھزادە ئۆلسە بولمايدۇ! كەنجى مەلىكە ھېچنېمىگە قارىماي، دېڭىز يۈزىدە لەيلەپ يۈرگەن قالايمىقان نەرسىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپتۇ، دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىپ - چېلىشىپ ئاخىر شاھزادىنىڭ قېشىغا كەپتۇ.

شاھزادىنىڭ ماغدۇرى ئۈزۈلۈپ سۇ ئۈزۈشكە ماجالى قالمىغانىكەن، ھەممە ئەزايى بوشىشىپ چىرايلىق كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقانىكەن. پەرىزات بېلىق (كەنجى مەلىكە) ۋاقتىدا يېتىپ كەلمىگەن بولسا شاھزادە ئۆلۈپ قالار ئىكەن. پەرىزات بېلىق ئۇنىڭ بېشىنى سۇدىن كۆتۈرۈۋېلىپ دولقۇننىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئۈزۈپتۇ.

سۇبھى بىلەن تەڭ بوران - چاپقۇن توختاپ، دېڭىز تىنچ ھالىتىگە قايتىپتۇ. ئۇ كېمىدىن بىرەر تال تاختايمۇ قالماپتۇ. قىپقىزىل قۇياش ئۆز نۇرىنى كائىناتقا سېخىيلىق بىلەن سېپىشكە باشلاپتۇ. شاھزادىنىڭ چىرايىغىمۇ قىزىللىق يۈگۈرۈپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىچە يۇمۇقلۇق ئىكەن. پەرىزات بېلىق شاھزادىنىڭ كۆزلىرىگە، چىرايلىق يۈزىگە مېھرى

بىلەن سۆيۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپتۇ، بۇدۇر چاچلىرىنى كەينىگە قايرىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ گۈللۈكىدىكى ھېلىقى ھەيكەلگە بەكمۇ ئوخشايدىغانلىقىنى بايقاپتۇ ۋە ئۇنى ھوشىغا كەلسە ئىكەن، دېگەن ئارزۇدا يەنە بىرنى سۆيۈپتۇ.

پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇ ئەتراپقا سەپسېلىپ قاراپ قۇرۇقلۇقنى، ئېگىز تاغلارنى، ئۇخلاپ ياتقان ئاق قۇدەك كۆرۈنىدىغان قارلىق چوققىلارنى كۆرۈپتۇ. دېڭىز بويى بۈك - باراقسان دەرەخلىك ئىكەن، دەرەخلىك ئىچىدە چېركاۋمۇ، موناستىرمۇ، ئەيتاۋۇر بىر ئىمارەت بار ئىكەن.

ئۇ ئاستا ئۇ ئىمارەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ بېقىپتۇ. ئىمارەتنىڭ ھويلىسىدا باراقسان ئۆسۈپ مېۋىلىرى ئوخشاپ كەتكەن لىمون ۋە ئاپېلسىن دەرەخلىرى، ئىشىك ئالدىدا ئېگىز ئۆسكەن پالما دەرەخلىرى بار ئىكەن. بۇ بىر قولتۇق بولۇپ سۈيى بەكمۇ چوڭقۇر ھەم تىنچ ئىكەن. بۇ دېڭىز قولتۇقى تاكى ئاپئاق تىك يارغىچە سوزۇلغان بولۇپ، ئاستى يۇمشاق قۇم ئىكەن، ئۇ كېلىشكەن شاھزادىنى سۆرەپ ئاشۇ يۇمشاق قۇملۇقنىڭ ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرىدىغان يېرىگە ئەكەپتۇ.

ئاق ئىمارەتتىن قوڭغۇراق ساداسى كەپتۇ. نۇرغۇن قىزلار گۈللۈكتىن ئۆتۈپ ئۇلار تەرەپكە قاراپ كەپتۇ. پەرىزات بېلىق شۇئان دېڭىزغا چۈشۈپ يىراقراق يەردە چوقچىيىپ تۇرغان خادا تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، سۇنىڭ كۆپۈكلىرى بىلەن چېچىنى ۋە كۆكسىنى يېپىۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئوماق يۈزىنى ھېچكىممۇ كۆرۈپ قالماپتۇ. ئۇ

شۇ قارا تاشنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، بىچارە شاھزادىنىڭ قېشىغا كىم كېلەركىن، دەپ ماراپ تۇرۇپتۇ.

ھايالشمايلا بىر قىز شاھزادە ياتقان يەرگە كەپتۇ. ئۇ دەسلەپ قورقۇپ كېتىپتۇ، ئارقىدىنلا بىرمۇنچە ئادەمنى باشلاپ كەپتۇ. شاھزادە ھوشىغا كەپتۇ، ئەتراپىدىكىلەرگە يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ بېقىپتۇ، پەقەت پەرىزات بېلىق تەرەپكە قاراپ كۈلمەپتۇ. شاھزادە پەرىزات بېلىقنىڭ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرغانلىقىنى بىلمەيدىكەن، بۇنىڭدىن ئادەم بېلىقنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بوپتۇ. كىشىلەر شاھزادىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ھېلىقى ئاق ئىمارەتكە كىرىپ كەتكەندە، ئۇ ئازابلانغان ھالدا ئۆزىنى دېڭىزغا ئېتىپتۇ ـ دە، دادىسىنىڭ ئوردىسىغا قاراپ ئۈزۈپتۇ.

ئۇ ئەزەلدىن كەم سۆز، ئويچان ئىكەن، مانا ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئويچانلىقىغا غەمكىنلىك قوشۇلۇپتۇ. ئاچىلىرى ئۇنىڭدىن نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىنى سورىسا، ئۇ چىش يېرىپ بىر نېمە دېمەي ئولتۇرۇۋاپتۇ.

نۇرغۇن كېچىلەردە ۋە سەھەرلەردە ئۇ شاھزادىدىن ئايرىلغان يەرگە ئۈزۈپ بېرىپتۇ، باغلاردىكى پىشقان مېۋىلەرنى كىشىلەرنىڭ قانداق ئۈزگەنلىكىنى، تاغدىكى قارلارنىڭ قانداق ئېرىگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ، ئەمما شاھزادىنى كۆرەلمەپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قايتىپ كەلگىنىدە، ئالدىنقى قېتىمقىدىنمۇ ئۆتە ئازابلىنىدىكەن. ئۇنىڭغا بىردىنبىر تەسەللى بولىدىغىنى گۈللۈكىدىكى ھېلىقى مەرمەر ھەيكەل ئىكەن. ئۇ ھەر قېتىم شاھزادىنى سېغىنغاندا ئۇ ھەيكەلنى قۇچاقلاپ



كۆنلەپ ـ كۆنلەپ ئولتۇرۇپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭ گۈللۈكىدىكى گۈللەرگە قارىغۇدەك ھەپىلىسى بولمىغاچقا، گۈلزارلىقنى ياۋا ئوت بېسىپ شۇنداق كۆرۈمسىزلىشىپ كېتىپتۇ.

ئاخىر ئۇ دەردىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، كۆڭلىدىكى ھەسرىتىنى بىر ئاچىسىغا دەپ بېرىپتىكەن، ھەش ـ پەش دېگۈچە ھەممە ئاچىسى ئۇنىڭ سىرىدىن خەۋەردار بوپتۇ، ئارقىدىنلا ئۇلارنىڭ بىر ـ ئىككى يېقىن دوستى بۇ ئىشنى بىلىپتۇ، باشقا پەرىزات بېلىقلار بۇ سىردىن بىخەۋەر قاپتۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆز سىرىنى بەك يېقىن دوستلىرىدىن باشقا ئادەمگە تىنمايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى شاھزادىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قايسى دۆلەتنىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن، ئاشۇ كۈنى كېمىدە بولغان بەزمىنىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىكەن.

— يۈر، سىڭلىم! — ئاچىلىرى كەنجى مەلىكىنى قولتۇقلاپ شاھزادە تۇرغان ئوردىنىڭ ئالدىدىن ئۈزۈپ چىقىپتۇ.

بۇ ئوردا سۇس سېرىق رەڭلىك پارقىرايدىغان تاشلاردىن ياسالغانىكەن. ئوردىنىڭ مەرمەر پەلەمپىيى تا دېڭىزغىچە سوزۇلغانىكەن. يۇملاق تورۇسلۇق ئوردىنىڭ ئەتراپى ھەيۋەتلىك مەرمەر تۈۋرۈكلەر بىلەن ئورالغان بولۇپ، تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىسىدا خۇددى جېنى باردەك كۆرۈنىدىغان نۇرغۇن ھەيكەل بار ئىكەن. تورۇستىن تا يەرگىچە قويۇلغان يوغان دېرىزىلەردىن ھەشەمەتلىك بېزەلگەن چوڭ زالدىكى ئېسىل گىلەملەر، يىپەك

دەرپەردىلەرنى كۆرگىلى بولىدىكەن. تاملارغا ئېسىلغان رەسىملەرگە قارىسىمۇ كىشىنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدىكەن. زالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى فونتاندىن سۇ توختىماي ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىكەن.

شاھزادىنىڭ بار يېرىنى بىلىۋالغان كەنجى مەلىكە نۇرغۇن كېچە ۋە سەھەرلەرنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ يۇرتىنى قاپتەك قىلىپ قىرغاقتا يېقىن يەرگە ئۈزۈپ بېرىپ، دېڭىزغا سوزۇلغان مەرمەر پەلەمپەينىڭ دالدىسىدا شاھزادىنى كۆرۈپ ئولتۇرىدىكەن. بۇنداق ئايدىڭ كېچىدە بۇ يەردە مەندىن باشقا ئادەم يوق، دەپ ئويلىغان شاھزادە بەخىرامان ھالدا ئۇياقتىن – بۇياققا مېڭىپ يۈرىدىكەن.

مەلىكە نەچچە ئاخشام شاھزادىنىڭ ھەشەمەتلىك كېمىسىدە بەزمە ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ياپيېشىل دېڭىز ئوتلىرىنىڭ ئىچىدە ئاستا ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ، ئۇنىڭ ئاپئاق رومىلى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرىدىكەن. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنى قانىتىنى كېرىۋاتقان ئاق قۇ ئوخشايدۇ، دەپ قالىدىكەن.

مەلىكە نۇرغۇن كېچىلەردە گۈلخان يېقىپ ئولتۇرغان بېلىقچىلارنىڭ ئاغزىدىن شاھزادىنىڭ تەرىپلىرىنى ئاڭلاپتۇ ۋە مۇشۇنداق ياخشى شاھزادىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغىنىدىن سۆيۈنۈپتۇ. ئۇ شاھزادىنىڭ بېشىنى باغرىغا مەھكەم باسقىنىنى، ئۇنى چوڭقۇر مېھرى بىلەن سۆيگىنىنى ئويلاپ ئىچ – ئىچىدىن شادلىنىپتۇ، ئەمما بۇ ئىشلار شاھزادىنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىكەن.

پەرىزات بېلىق ئادەمزاتقا بارغانسېرى ئامراق بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشاش ئارزۇسى ئوتتەك يېلىنجاپتۇ. ئۇنىڭغا ئادەمزات دۇنياسى ئۇ تۇرۇۋاتقان دۇنيادىن كۆپ چوڭ بىلىنىدىكەن. ئۇ يەردە كىشىلەر كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭىدىكەن، تاغلارغا يامىشىپ چىقىدىكەن، چەكسىز كەتكەن ئېتىزلارغا ھەر خىل زىرائەتلەرنى تېرىيدىكەن، بۇك - باراقسان ئورمانلىقلاردا قۇشلار خۇشال ناخشا ئېيتىدىكەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلگۇسى كېلىدىكەن، لېكىن ئاچىلىرى ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مومىسىدىن سوراشقا مەجبۇر بوپتۇ. مومىسى ئادەمزات دۇنياسى ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىدىكەن، ئۇ دائىم ئۇ دۇنيانى قۇرۇقلۇق دەپ گەپ قىلىدىكەن.

— ئەگەر ئىنسانلار سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالمىسا، مەڭگۈ ئۆلمەمتى؟ — دەپ سوراپتۇ پەرىزات بېلىق، — يا بولمىسا ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە بىزدەك ئۆلۈپ كېتەمدۇ؟

— ئۆلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مومىسى، — ئۇلارنىڭ ئۆمرى بىزنىڭكىدىن خېلى خوپ قىسقا. بىز ئۈچ يۈز يىل ياشىيالايمىز، ئۆلگەندىن كېيىن كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىمىز، ئۆلسەك قەبرىمىزمۇ قالمايدۇ، روھىمىزمۇ تەڭ يوقىلىدۇ. بىز ئۆلگەندىن كېيىن قايتىدىن ھاياتلىققا ئېرىشەلمەيمىز. خۇددى دېڭىز ئوتلىرىنى يىلتىزىدىن يۇلۇۋەتسە، قايتىدىن كۆكلىيەلمىگىنىگە ئوخشاش. ئىنسانلارنىڭ روھى

مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، تېنى تۇپراققا ئايلىنىپ كەتسىمۇ روھى ياشاۋېرىدۇ. ئۇ روھلار ئاسماننىڭ قەرىگە، يۇلتۇزلارغا، بىز مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغان، مەڭگۈ بىلەلمەيدىغان گۈزەل جايلارغا چىقىپ كېتىدۇ.

— بىز نېمىشقا ئىنسانلاردەك مەڭگۈ ياشايدىغان روھقا ئىگە بولالمايمىز؟ — ھەسرەت بىلەن سوراپتۇ پەرىزات بېلىق، — ھاياتىمدىكى يۈز يىلىمنى ئىنسانلارنىڭ بىر كۈنىگە تېگىشىپ ياشاشنى خالايتتىم.

— ھەرگىز ئۇنداق خىيالدا بولما، — دەپتۇ مومىسى، — بىز ئۈستىدىكى ئىنسانلارغا قارىغاندا بەختلىك، ياخشى ياشايمىز.

— بۇ گەپچە مەن ئۆلۈپ دېڭىزدىكى كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتسەم، دولقۇن ساداسىنى، چىرايلىق گۈللەرنى ۋە قىپقىزىل قۇياشنى كۆرەلمەيدىكەنمەن - دە ! مەڭگۈلۈك روھقا ئېرىشىشنىڭ ئامالىنى راستتىنلا قىلغىلى بولماسمۇ؟

— بولمايدۇ ! — كېسىپلا دەپتۇ مومىسى، — سېنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدىغان، سېنى ئاتا - ئانىسىدىنمۇ ئەلا بىلىدىغان، ئەتىدىن - كەچكىچە سېنى خىيالىدىن چىقارمايدىغان، سەندىن مەڭگۈ ئايرىلمايدىغان بىرى بولسا بىلمىدىم، شۇنداقتىمۇ ئۇ سەن بىلەن بىللە چېركاۋغا كىرىشى، ئوڭ قولىنى سېنىڭ قولۇڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ، ساڭا مەڭگۈ سادىق بولىمەن دەپ قەسەم ئىچىشى كېرەك. شۇنداقلا ئۇنىڭ روھى سېنىڭ تېنىڭگە سىڭىپ كىرىدۇ، سەن ئاندىن ئىنسانىيەتنىڭ بەختىگە شېرىك بولالايسەن. لېكىن، سەن بۇ ئارزۇيۇڭغا

مەڭگۈ يېتەلمەيسەن. بىز دېڭىزدا ياشايدىغانلار ئەڭ گۈزەل دەپ بىلىدىغان قۇيرۇقۇڭنى يەر ئۈستىدىكى ئادەملەر ئەڭ سەت دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئۆزىچە پۇت دەپ ئاتىۋالغان ئىككى تال سەت، قوپال ئاچا ياغاچنى ئۇلار چوڭ بىلىدۇ، پەقەت ئىككى پۇتى بولسىلا، ئۇلارنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ.

پەرىزات بېلىق ھەسرەتلىك تىنغىنىچە قۇيرۇقىغا ئەلەم بىلەن تىكىلىپتۇ.

— كەل، قوزام، كۆڭلۇڭنى خۇشال تۇت، — دەپتۇ مومىسى، — بىز ئۈچ يۈز يىل پىلتىڭلاپ ئويناپ كۆلىمىز، ئادەم بولۇپ قالغان بولساق، بۇ چاغقىچە ياتقان يېرىمىز گۆر بولغان بولاتتى. بۈگۈن كەچتە ئوردىدا پادىشاھلىق زىياپەت ـ بەزمە بار.

شۇ كۈنى كەچتە يەر ئۈستىدىكى ئادەملەر كۆرۈش تۈگۈل خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمەيدىغان كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. تانسا زالى قېلىن ئەمما تولىمۇ سۈزۈك ئەينەكتىن ياسالغانىكەن. نۇر چېچىپ تۇرغان مەشئەللەرنى كۆتۈرگەن قىزىل، يېشىل، ھەر خىل رەڭدىكى سەدەپ قۇلۇلىسى ئىككى چەتتە تۇرۇپتۇ. پۈتۈن زال خۇددى كۈندۈزدەك يورۇپ كېتىپتۇ. يورۇقلۇقنى كۆرگەن ھەر خىل بېلىقلار زالغا قاراپ ئۈزۈپ كەپتۇ. بېلىقلار ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس ئاھاڭدا ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاۋازى ئەڭ يېقىملىق، ناخشىنى ئەڭ چىرايلىق ئېيتىدىغىنى گۈزەل كەنجى مەلىكە ئىكەن. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئالقىشلار ياغدۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى بىرپەس خېلى كۆتۈرۈلۈپ

قاپتۇ، ئەمما ھايال ئۆتمەيلا شاھزادە ئۇنىڭ خىيالىنى قايتىدىن ئەسىر قىلىۋاپتۇ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆلمەس روھقا نائىل ئەمەسلىكىدىن تارتىۋاتقان ھىجران ئازابىنى ئويلاپ، قىزىپ كەتكەن بەزمىنى تاشلاپ ئوردىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىپتۇ. كۆپچىلىك زال ئىچىدە ئېچىلىپ - يېيىلىپ تاماشا قىلىۋاتسا، بۇ قىز ئۆزىنىڭ ۋەيرانە گۈلزارلىقىدا غەمگە چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇنداق غەمكىن ئولتۇرسا، يۇقىرىدىن بۇرغا ئاۋازى كەپتۇ. «ئۇ يەنە دېڭىزغا چىقتى بولغاي، مەن ئۇنى ئاتا - ئانامدىنمۇ ئەزىز كۆرىمەن. ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيىمەن، بەخت - سائادىتىم ئۇنىڭغا باغلىق. مەن ھەرقانچە بەدەل تۆلىسەممۇ، ئۇنىڭغا ۋە ئۆلمەس روھقا ئېرىشىشىم كېرەك. ئاچىلىرىم ئويناۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دېڭىز جادۇگەرىنىڭ قېشىغا باراي. ئۇنىڭدىن بەكمۇ قورقاتتىم، قورقساممۇ نېمە ئامال، ئۇ ماڭا بىرەر يول كۆرسىتىپ بەرسە ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپتۇ. كەنجى مەلىكە.

شۇنىڭ بىلەن كەنجى مەلىكە گۈلزارلىقىدىن ئايرىلىپ تېز ئېقىندىن پەيدا بولغان قاينام تەرەپكە ئۈزۈپ كېتىپتۇ. جادۇگەر موماي قايناملىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرىدىكەن.

كەنجى مەلىكە بۇ يولدا ئەزەلدىن مېڭىپ باقماپتىكەن. بۇ يول نە گۈللەردىن، نە دېڭىز ئوتلىرىدىن ئەسەر يوق، قۇملىرى كۈل رەڭ قاينامغا تۇتىشىدىغان يول ئىكەن. بۇ قاينام خۇددى تۈگمەن تېشىدەك تېز پىرقىراپ ئۇنىڭغا چۇشۇپ كەتكەن

ھەرقانداق نەرسىنى ئۆدۆل دېڭىز تەكتىگە ئۆزىتىۋېتىدىكەن. كەنجى مەلىكە قايىنامنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرگەندىلا، ئاندىن جادۇگەر مومايىنىڭ تۇرار جايىغا بارالايدىكەن. ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن پاتراقشىپ قايناپ، ئوتتەك ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان پاتقاقلىقتىن ئۆتۈش كېرەك ئىكەن. پاتقاقلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن غەلىتە بىر چاتقاللىق ئۇچرايدىكەن. جادۇگەر موماي ئاشۇ چاتقاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىكەن. چاتقاللىقتەك كۆرۈنگەن نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە سەككىز ئاياغ ئىكەن. بۇ سەككىز ئاياغلارنىڭ گەۋدىسىنىڭ يېرىمى ھايۋاناتنىڭكىگە، يېرىمى ئۆسۈملۈكنىڭكىگە ئوخشايدىكەن، شۇنداقلا قارىسا يەردىن ئۈنۈپ چىققان يۈز باشلىق يىلاندەك كۆرۈنىدىكەن. بۇ چاتقاللارنىڭ شاخلىرى خۇددى ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە بىلەكلەردەك، تېگىپلا كەتكەن نەرسىنى مەھكەم يۆگىۋېلىپ ھەرگىز قويۇپ بەرمەيدىكەن.

كەنجى مەلىكە بۇ چاتقاللىققا كىرىشتىن بەكمۇ قورقۇپتۇ، يۈرىكى سېلىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قاپتۇ، لېكىن شاھزادىنى، مەڭگۈ ئۆلمەس روھنى ئويلاپ غەيرەتكە كەپتۇ ـ دە، بوستان چېچىنى بېشىنىڭ چوققىسىغا تۈگۈپ، ئىككى بىلىكىنى مەيدىسىگە تېڭىپ، ئاشۇ قورقۇنچلۇق سەككىز ئاياغ چاتقاللىقىغا قەدەم بېسىپتۇ. سەككىز ئاياغ ئۇزۇن تىرناقلىق قوللىرىنى ئۇزىتىپ ئۇنى تۇتماقچى بوپتۇ، ئەمما بۇ بىلەكلەر ۋە قوللار بىكار بولمىغاچقا، كەنجى مەلىكىنىڭ سىلىق بەدىنىگە تېگىپتۇيۇ، ئۇنى مەھكەم

قامالليالماپتۇ. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا تالاپەتكە ئۇچراپ دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ يالىڭاچلىنىپ قالغان سۆڭەكلىرى، هايۋانلارنىڭ، ھەتتا پەرىزات بېلىقلارنىڭ ئىسكىلىتلىرى بار ئىكەن. كەنجى مەلىكە ئۆمرىدە بۇنىڭدەك قورقۇنچلۇق مەنزىرىنى كۆرۈپ باقماپتىكەن.

ئارقىدىنلا ئۇ چاتقاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زەيكەش بىر بوشلۇققا چىقىپ قاپتۇ. بۇ يەردە يوغان ھەم سېمىز يىلانلار لۆمشىپ يۈرگۈدەك. بۇ يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھادىسىگە ئۇچراپ دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئىسكىلىتلىرىدىن ياسالغان بىر كەپە بار ئىكەن، جادۇگەر موماي ئەنە ئاشۇ كەپىدە ياشايدىكەن. جادۇگەر موماي كەپىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، بىر چارپاقىغا ئاغزى بىلەن يېمەكلىك بېرىۋاتقانىكەن. ئۇ ھېلىقى قورقۇنچلۇق يىلانلارنى: «چۈجىلىرىم» دەپ چاقىرسا، ئۇ يىلانلار ئۇنىڭ بەدىنىگە يۆگىشىپ يۈرگۈدەك.

— سېنىڭ نېمىشقا كەلگەنلىكىڭنى بىلىمەن، — دەپتۇ جادۇگەر موماي، — سەن تولىمۇ ھاماقەتكەنسەن. شۇنداقتىمۇ مەن سېنى ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزىمەن، چۈنكى ئۇ ساڭا بەختسىزلىك ئەكېلىدۇ، ئوماق مەلىكەم. سەن قۇيرۇقۇڭنى ئىككى تال تۇۋرۇككە ئالماشتۇرۇپ، ئىنسانلارغا ئوخشاش يول ماڭماقچى، شۇ ئارقىلىق شاھزادىنى ئۆزۈڭگە مەپتۇن قىلماقچى ھەم مەڭگۈلۈك روھقا ئېرىشمەكچىغۇ ! — جادۇگەر قاقاقلاپ شۇنداق سەت كۈلۈپتۇكى، ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى پاقا بىلەن بەدىنىدىكى يىلانلارمۇ ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ سىلكىنىشىدىن

يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، — ھېلىمۇ دەل ۋاقتىدا كەپسەن، ئەتە ئەتىگەن كۈن چىقىپ كەتسىلا، مەن ساڭا ياردەم قىلالمايتتىم، ئۇ چاغدا يەنە بىر يىل ساقلىشىڭغا توغرا كېلەتتى. مەن ساڭا بىر خىل دورا تەييارلاپ بېرىمەن، ئۇنى ئېلىپ كۈن چىققۇچە قىرغاققا چىقىپ ئۇنى ئىچسەڭ، شۇ ھامان قۇيرۇقۇڭ ئىككىگە ئايرىلىپ، ئادەملەر چىرايلىق دەپ بىلىدىغان پۇتلارغا ئايرىلىدۇ. لېكىن پۈتۈن بەدىنىڭ خۇددى پىچاق بىلەن تىلغاندەك قاتتىق ئاغرىيدۇ. كۆرگەنلىكى ئادەم سېنى جاھاندا جۈپتى يوق چىرايلىقكەن، دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئاشۇ چىرايلىق قەددى - قامىتىڭ بىلەن ئۇسسۇل ئوينىساڭ، جاھان ئەھلىنىڭ ئەقلى لال بولىدۇ. ئەمما، ھەربىر قەدىمىڭ خۇددى تىغنىڭ ئۇستىگە دەسسىگەندەك ئازابلىق بولىدۇ، پۇتلىرىڭدىن شورقىراپ قان ئاقىدۇ. مۇشۇ ئازابلارغا بەرداشلىق بېرەلىسەڭلا، مەن ساڭا ياردەم قىلىمەن، بەرداشلىق بېرەلەمسەن؟

— بېرەلەيمەن ! — دەپ قەتئىي جاۋاب بېرىپتۇ مەلىكە.

چۈنكى، جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس، دېگەندەك، ئۇ شاھزادىگە ۋە مەڭگۈلۈك روھقا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرقانداق جاپا - مۇشەققەت، ئازابلارغا چىدايدىكەن.

— شۇنى سەمىڭگە سېلىپ قوياي، — دەپتۇ جادۇگەر، — ئادەم سىياقىغا كىردىڭمۇ، بولدى، ھەرگىز پەرىزات بېلىققا ئايلىنالمايسەن. ئاتا - ئاناڭنى، ئاچىلىرىڭنى قايتا كۆرەلمەيسەن. شاھزادەمنىڭ



مۆھەببىتىگە ئېرىشەلمىسەڭ، ئۇ سېنى دەپ ئاتا ـ ئانىسىدىن ۋاز كېچەلمىسە، سېنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيمىسە، پوپ ئىككىڭلارنىڭ قولۇڭلارنى جۈپلەپ ئەر ـ خوتۇن بولغانلىقىڭلارنى جاكارلىمىسا، ئۇ ھالدا سەن ئوخشاشلا مەڭگۈلۈك روھقا ئىگە بولالمايسەن. ئۇ باشقا بىر قىزغا ئۆيلەنگەن كۈنى سېنىڭ يۈرىكىڭ ۋاقىتىدە يېرىلىپ ئۆلىسەن، ئاندىن بىر كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىسەن.

— مەيلى، — دەپتۇ پەرىزات بېلىق، ئەمما ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كېتىپتۇ.

— قۇرۇق گەپ بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، ماڭا ھەق تۆلىمىسەڭ بولمايدۇ، — دەپتۇ جادۇگەر، — يەنە كېلىپ مەن ھەققىمگە ئادەتتىكى نەرسىنى ئالمايمەن. دېڭىز ئاستىدىكىلەرنىڭ ئىچىدە سېنىڭ ئاۋازىڭ ھەممىدىن يېقىملىق، سەن خىيالىڭدا مۇشۇ ئاۋازىم بىلەن شاھزادىنى مەپتۇن قىلىۋالىمەن، دەپ ئويلايدىغانسەن، ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، ماڭا ئاشۇ ئاۋازىڭنى بېرىسەن. مېنىڭ ساڭا بېرىدىغان قىممەت باھالىق دورامنىڭ ھەققىگە سەنمۇ ئەڭ قىممەتلىك نەرسەڭنى بېرىشىڭ كېرەك. شۇنى سەمىڭگە سېلىپ قوياي، بۇ دورىنى قوش بىسلىق شەمشەردەك ئۆتكۈر قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قېنىمنى ئارىلاشتۇرىمەن.

— ئاۋازىمنى سەن ئېلىۋالساڭ، مەندە ۋاي دېگۈدەك نېمە قالىدۇ؟

— زىبا قامىتىڭ، چېكىپ دەسسەپ مېڭىشلىرىڭ، سۆزلەيدىغان ھېسسىياتلىق كۆزلىرىڭ قالىدۇ. ئاشۇلارلا

بىر يىگىتنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا يېتىپ ئاشىدۇ. نېمە، قورقۇۋاتامسەن؟ يېنىۋالاي دەمسەن يا؟ ئەمىسە، تىلىڭنى چىقار، مەن ئۇنى كېسىۋالاي، سەنمۇ دورىنى ئېلىپ يولۇڭغا ماڭ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ كەنجى مەلىكە.

جادۇگەر موماي كومزەكنى ئالدىغا قويۇپ دورا تەييارلاشقا باشلاپتۇ. ئۇ:

— پاكىزلىق ياخشى جۇمۇ، — دەپتۇ - دە، بىر يىلاننى يۆگەپلا كومزەكنىڭ ئىچىنى سۈرتۈۋېتىپتۇ، ئاندىن مەيدىسىنى تاتىلاپ قان چىقىرىپ قاپقارا قېنىنى كومزەككە ئاققۇزۇپتۇ، كومزەكتىن غەلىتە شەكىللەردىكى گاز كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇ كۆرۈنۈش بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەن. جادۇگەر مومای كومزەكنىڭ ئىچىگە توختىماستىن بىرنېمىلەرنى سېلىپ تۇرىدىكەن. دورا قاينىغاندا تىمساھنىڭ يىغىسىغا ئوخشايدىغان ئاۋاز چىقىپ تۇرىدىكەن. ئاخىر دورا تەييار بوپتۇ، ئۇ سۈپسۈزۈك سۇغىلا ئوخشايدىكەن.

— ھەببەللى ! — ئۇ شۇنداق دەپلا پەرىزات بېلىقنىڭ تىلىنى شارتتىدە كېسىۋاپتۇ. بىچارە ئەمدى ناخشا ئېيتىش تۇگۇل، گەپمۇ قىلالمايدىكەن.

— ئورمانلىقتىن چىققۇچە سەككىزئاياغ دەرىخىگە تۇتۇلۇپ قالار بولساڭ، ئۇلارنىڭ ئۇستىگە مۇشۇ دورىدىن پەقەت بىر تېمىملا تېمىت، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سەكسەن پارچە بولۇپ كېتىدۇ، — دەپتۇ جادۇگەر موماي.

پەرىزات بېلىققا ئۇنداق قىلىشمۇ كەتمەپتۇ، چۈنكى سەككىزئاياغ دەرەخلىرى ئۇنىڭ قولىدىكى خرۇستالدەك

سۇزۇك، پارقىراق دورىنى كۆرگەن هامان قورققىنىدىن تولۇغلۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چاتقاللىقتىن، سازلىقتىن ۋە قايىنامدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ئەمدى ئۇ دادىسىنىڭ ئوردىسىنى كۆرۈپتۇ. ھەشەمەتلىك زالدىكى چىراغلار ئۆچۈپ، ھەممەيلەن ئۇيقۇغا غەرق بولغانىكەن. ئۇ بېرىپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ، چۈنكى ئۇ هازىر گاچا تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى مەڭگۈلۈك تاشلاپ كېتىۋاتسا. ئۇنىڭ يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپتۇ. ئۇ ئاستا ئاچىلىرىنىڭ گۈلزارلىقىغا كىرىپ، ھەربىرىدىن بىر تالدىن گۈل ئۈزۈپتۇ، ئاندىن قولىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ ئوردا تەرەپكە مىڭلارچە سۆيۈش يوللىۋېتىپتۇ، ئاخىر كۆپكۆك دېڭىز سۈيىنى يېرىپ ئۈستىگە ئۆرلەپتۇ.

ئاي يورۇقىدا شاهزادىنىڭ ئوردىسى كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ هەيۋەتلىك مەرمەر پەلەمپەيگە چىققاندا تېخى قۇياش چىقمىغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ هېلىقى دورىنى ئىچىپتۇ، دورىنى ئىچىشى بىلەن ئۇنىڭ يۇمران بەدىنى خۇددى تىغ تەگكەندەك ئېچىشىپ شۇئان هوشىدىن كېتىپتۇ.

قۇياش كائىناتقا ئۆز نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن سەپكەندە، ئۇ ئاستا هوشىغا كېلىپ پۈتۈن بەدىنىنىڭ يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىۋاتقانلىقىنى هېس قىپتۇ. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ شۇنداق قارىسا، هېلىقى قارا كۆز شاهزادە ئۆزىگە مېهىر بىلەن تىكىلىپ تۇرغۇدەك. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئورنىدا ناهايىتى

ئاز قىزلارغا نېسىپ بولىدىغان چىرايلىق پۇتلار پەيدا بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپتۇ. لېكىن، ئۇ ئاندىن تۇغما ئىكەن، شۇڭا نومۇس قىلغىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ، قاپقارا بوستان چاچلىرى بىلەن بەدىنىنى يېپىۋاپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ كىملىكىنى، قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى سوراپتىكەن، ئۇ جاۋاب بېرەلمەستىن زۇمرەتتەك تىنىق شەھلا كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ھەسرەتلىك مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرۇپتۇ. شاھزادە ئۇنى قولىدىن يېتىلەپ ئوردىغا ئەكىرىپتۇ. ئۇ ھەربىر قەدەم باسقاندا، خۇددى جادۇگەرنىڭ دېگىنىدەك تاپىنىغا ئۆتكۈر تىغ بىلەن مىخ سانجىلغاندەك قىينىلىدىكەن، ئەمما ئۇ بۇ ئازابلارغا چىن كۆڭلىدىن رازى ئىكەن، شاھزادىنى قولتۇقلاپ شۇنداق يەڭگىل قەدەم ئالىدىكەن. شاھزادە بىلەن ئوردىدىكىلەر ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە، لەۋەنلىكىگە ھەيران قاپتۇ.

پەرىزات بېلىق قىممەت باھالىق يىپەك رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيگەنىكەن، تېخىمۇ جازىبىدار بولۇپ كېتىپتۇ. شۇغىنىسى، ئۇ يا سۆزلىيەلمەيدىكەن، يا ناخشا ئېيتالمايدىكەن.

ئاخشىمى بەزمە بوپتۇ، كېنىزەكلەر چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشىپ شاھزادە بىلەن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ناخشا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر كېنىزەك ناخشىنى باشقا كېنىزەكلەردىن چىرايلىق ئېيتىدىكەن، شاھزادە ئاشۇ كېنىزەككە قاراپ كۈلۈمسىرەپ چاۋاك چاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پەرىزات بېلىقنىڭ يۈرىكى پىچاق تىققاندەك ئېچىشىپ كېتىپتۇ،

ئۇنىڭ تىلى بولغان بولسا ئۇ ناخشىنى بۇ كېنىزەكتىن نەچچە ھەسسە چىرايلىق ئېيتار ئىكەن. ئۇ كۆڭلىدە: «ئاھ، ئۆزى بىلەن بىللە بولۇش ئۈچۈن ئاۋازىمدىن ئايرىلغىنىمنى ئۇ بىلگەن بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە» دەپ ئويلاپتۇ.

كېنىزەكلەر گۈزەل مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن پەرىزات بېلىق ئاپئاق بىلەكلىرىنى كۆتۈرۈپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بىر ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇكى، ئۆمرىدە بۇنداق نەپىس ئۇسسۇلنى كۆرمىگەن ساراي ئەھلى ھەيرانۇھەس قاپتۇ. گەرچە ئۇ ئۇسسۇلغا ناخشا تەڭكەش قىلالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ناخشىدىنمۇ مۇڭلۇق، مەنىلىك سۆزلەيدىكەن.

ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئەيلەپتۇ، بولۇپمۇ شاھزادە بۇ «يېتىم قىز»نىڭ ئۇسسۇلىغا مەھلىيا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ كەنجى مەلىكىنى ئاشۇنداق ئاتايدىكەن. كەنجى مەلىكە توختىماستىن پىرقىراپ ئويناۋېرىپتۇ، لېكىن دەردىنى ئۆزى بىلىدىكەن، چۈنكى ئايىغى يەرگە ھەربىر تەگكەندە، پۇتىغا بىرەر يۈز مىخ سانجىلغاندەك قاتتىق ئاغرىيدىكەن. شاھزادە ئۇنىڭغا:

— مەن سىزنى يېنىمدىن مەڭگۈ ئايرىمايمەن، سىز مېنىڭ ھۇجرامنىڭ سىرتىدىكى يىپەك كۆرپىدە يېتىڭ، — دەپتۇ.

شاھزادە ئۆزى بىلەن بىللە ئاتلىق ئوۋلارغا، سەيلىلەرگە چىقىشىغا قولايلىق بولسۇن دەپ، ئۇنىڭغا ئەرەنچە كىيىم تىكتۈرۈپ بېرىپتۇ.



ئۇلار ساپ ھاۋالىق ئورمانلارغا بىللە بارىدىكەن، قۇشلار ئۇلارنى قارشى ئالغاندەك بەس ـ بەستە سايراپ ناۋا ئەيلەيدىكەن. ئۇلار بىرلىكتە ئېگىز تاغلارغا يامىشىدىكەن. كەنجى مەلىكە پۇتلىرى قاناپ كەتسىمۇ، پەرۋا قىلماستىن شاھزادە بىلەن بىللە بولۇتلار ئاياغ ئاستىدا قالغۇدەك ئېگىز چوققىلارغا چىقىدىكەن. ئۇلار تاكى پەسىل قۇشلىرى ئىسسىق جايلارغا ئۇچقۇچە سەيلە قىلىپ توختىمايدىكەن.

ئوردىدىكىلەر قاتتىق ئۇيقۇغا غەرق بولغاندىن كېيىن پەرىزات بىلىق ئىچىشىپ ئاغرىۋاتقان پۇتلىرىغا ئارام بېرىش ئۈچۈن ئوردىدىن چىقىپ مەرمەر پەلەمپەيىنىڭ ئەڭ ئاستىنقى پەلەمپىيىدە ئولتۇرۇپ پۇتلىرىنى دېڭىز سۈيىگە چىلايدىكەن، بۇنداق چاغلاردا ئۇ دېڭىز ئاستىدىكى تۇغقانلىرىنى سېغىنىدىكەن.

بىر كۈنى كېچىسى ئاچىلىرى قوللىرىنى تۇتۇشۇپ چىقىپ كەپتۇ. ئۇلار سۇ ئۈزگەچ ھەسرەت بىلەن ناخشا ئېيتىدىكەن، پەرىزات بىلىق ئۇلارغا قاراپ قول پۇلاڭلىتىپتۇ. ئاچىلىرى ئۇنى تونۇپ، ئۇنىڭغا يېقىن كەپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئۆزلىرىدىن ئايرىلىپ كەتكىنىگە قاتتىق ئازابلانغانلىقلىرىنى ئېيتىپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇلار ھەر ئاخشىمى كەنجى سىڭلىسىنى كۆرگىلى كېلىدىكەن.

بىر كۈنى كېچىسى، ئۇنىڭ مومىسى بىلەن پادىشاھ دادىسى سۇ يۈزىگە چىقىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا قاراپ قول پۇلاڭلىتىپتۇ، لېكىن ئاچىلىرىغا ئوخشاش قۇرۇقلۇققا يېقىن بارالماپتۇ.

كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمۈۋېرىپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭغا بارغانسېرى ئامراق بولۇپ كېتىپتۇ، ئەمما ئۇ كەنجى مەلىكىنى ئوماق بالىنى ياخشى كۆرگەندەكلا ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىش خانىش قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدىكەن. كەنجى مەلىكە بولسا چوقۇم ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇشى كېرەك ئىكەن، بولمىسا مەڭگۈلۈك روھقا ئىگە بولالمايدىكەن. ئەگەر شاھزادە ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەي باشقا بىرىگە

ئۆيلەنسە، توي كېچىسى ئۇ يۇرىكى يېرىلىپ كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىدىكەن.

بىر كۈنى شاھزادە ئۇنى قۇچاقلاپ ئۇماق يۈزىگە سۆيگەندە، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن: «سىز مېنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرەمسىز؟» دەپ سوراۋاتقاندەك مەنە چىقىپ تۇرغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن شاھزادە:

— ھەئە، سىز مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىم، چۈنكى قەلبىڭىز ئاق كۆڭۈللۈككە تولغان. مەن سىزگە مەھلىيا، سىز مەن بىر قېتىم كۆرگەن قىزغا بەكمۇ ئوخشايدىكەنسىز، ئۇ قىزنى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالمىدىم. بىر كۈنى مەن ئولتۇرغان كېمە دېڭىزدىكى بوران - چاپقۇندا چۆكۈپ كېتىپ، دولقۇن مېنى بىر چېركاۋنىڭ ئالدىدىكى ساھىلغا ئاچىقىپ قويۇپتۇ. ئۇ كۈنى بىر توپ قىز ئىبادەت قىلىپ چىقىۋاتقانىكەن، مېنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ياش قىز كۆرۈپ قېلىپ ھاياتىمنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانىدى. مەن ئۇنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم كۆردۈم. بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدىن باشقا ئادەمگە ئاشىق بولۇپ باقمىغانىدىم. سىز ئۇنىڭغا بەكمۇ ئوخشايدىكەنسىز، سىز ئۇنىڭ ئوتنىنى باسقاندەك بولدىڭىز. ئۇ قىز ئاشۇ چېركاۋغا مەنسۇپ، شۇڭلاشقىمىكىن تەقدىر ئىلاھى سىزنى ماڭا ئاتا قىلدى. بىز مەڭگۈ ئايرىلمايمىز، — دەپتۇ.

«ئاھ، ئۇ ئۆزىنى مېنىڭ قۇتۇلدۇرغانلىقىمنى بىلمەيدۇ، — دەپ پىغان چېكىپتۇ پەرىزات بېلىق، — مەن ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ چېركاۋ بار ساھىلغا ئاپىرىپ قويغان ئەمەسمىدىم؟ ئاندىن كۆپۈكلەرنىڭ

ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ ئۇنى بىرەرىنىڭ كۆرۈپ قېلىپ ئەكېتىشىنى ساقلىمىغانمىدىم؟ ئاھ دەردىم، شاھزادە ئۇ قىزنى مەندىنمۇ ئۆتە ياخشى كۆرىدىكەن، — پەرىزات بېلىقنىڭ راسا بىر يىغلىۋالغۇسى كەپتۇ، ئەمما ئۇ يىغلىيالمايدىكەن، — شاھزادە ئۇ قىز چېركاۋغا مەنسۇپ، ئۇنى بۇ دۇنيادا كۆرگىلى بولمايدۇ، دېدىغۇ. ئۇنداق بولغاندىكىن، ئۇلار ئەمدى ئۇچراشمايدۇ، مەن ئۇنىڭ بىللە بىللە، ئۇنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرىمەن. ئۇنىڭ ھالىدىن مەن خەۋەر ئالىمەن، ئۇنى جېنىمدىنمۇ ئەزىز بىلىمەن، بارلىقىمنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلىمەن.»

ساراي ئەھلى ئارىسىدا شاھزادە توي قىلىدىكەن، قوشنا ئەلنىڭ گۈزەل مەلىكىسىگە ئۆيلىنىدىكەن، دېگەن خەۋەر تارقىلىپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەشەمەتلىك كېمە تەييارلىنىپتۇ. شاھزادە قوشنا ئەلنى ساياھەت قىلىپ كېلىمەن، دېگەن باھانىدە ماڭىدىغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە پادىشاھنىڭ قىزىنى كۆرۈپ باققىلى بارىدىكەن. پەرىزات بېلىق بېشىنى چايقاپ ئاچچىق كۈلۈپتۇ. چۈنكى ئۇ شاھزادىنىڭ يۈرىكىنى ھەممىدىن بەك چۈشىنىدىكەن.

— مەن سەپەرگە چىقمىسام بولمايدۇ، شاھ ئاتامنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇ گۈزەل مەلىكىنى كۆرۈپ كېلىشىم كېرەك، لېكىن ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ كەل دېسە ھەرگىز كۆنمەيمەن، چۈنكى مەن ئۇنى سۆيمەيمەن. ئۇ مەن چېركاۋنىڭ ساھىلىدا ئۇچراتقان سىزگە ئوخشايدىغان ھېلىقى قىزدەك گۈزەل بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ماڭا جۈپ تاللاشقا توغرا كەلسە، سىزنى تاللىشىم ئېھتىمالغا يېقىن. ئاھ، مېنىڭ

سۆيۈملۈكۈم، كۆزلىرى سۆزلەيدىغان يېتىم قىز چىقىم، — دەپتۇ شاھزادە ئۇنىڭ گىلاستەك قىزىل لەۋلىرىگە سۆيۈپ، سۇمبۇل چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ.

شاھزادە بېشىنى ئۇنىڭ يۈرىكىگە قويۇپتۇ. بۇ يۈرەك شۇئان ئىنسانىي بەخت ۋە مەڭگۈلۈك روھ ئۈچۈن تېپچەكلەپتۇ.

— دېڭىزدىن پەقەتلا قورقمايدىكەنسىز، گاچا يېتىم قىز، — دەپتۇ شاھزادە قوشنا دۆلەتكە كېتىۋاتقان ھەشەمەتلىك كېمىنىڭ ئۈستىدە قىز بىلەن يانمۇيان تۇرۇپ.

ئۇ قىزغا غەۋۋاسلاردىن ئاڭلىغان دېڭىز مەنزىرىسى، دېڭىز ئاستىدىكى غەلىتە تاشلار ۋە بېلىقلار، ئاجايىپ - غارايىپلار توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىپتۇ. كەنجى مەلىكە دېڭىز ئاستىدىكى دۇنيانى بەش قولدەك بىلگەچكە ئۇنىڭ گېپىنى كۈلۈمسىرىگىنىچە ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ.

ئايدىڭ كېچە، كېمىدىكىلەر شېرىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، رولچى بىلەن كەنجى مەلىكىلا ئۇخلىماپتۇ. ئۇ كېمىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇپ دېڭىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ، خۇددى دادىسىنىڭ ئوردىسىنى، بېشىغا كۈمۈش رەڭ تاج تاقاپ ئولتۇرغان مومىسىنى كۆرگەندەك بوپتۇ.

كېمىنىڭ سۇدىكى سايىسىنى كۆرگەن ئاچىلىرى دېڭىزنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ. كەنجى مەلىكە كېمىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىگە قاراپتىكەن، ئاچىلىرى ئۇنىڭغا قاراپ ئاپئاق بىلەكلىرىنى پۇلاڭلىتىۋاتقۇدەك. ئۇمۇ ئۇلارغا قولىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۆزىنىڭ بەختلىك ياشاۋاتقانلىقىنى

بىلدۈرۈپ كۈلۈمسىرەپتۇ.

شۇ ئەسنادا بىر كېمىچى ئويغىنىپ قاپتۇ. كەنجى مەلىكىنىڭ ئاچىلىرى دەرھال سۇغا چۆكۈپتۇ. كېمىچى ئۆزى كۆرگەن ئاپئاق نەرسىلەرنى ئاپئاق بۇژغۇن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇلارنىڭ كېمىسى قوشنا ئەلنىڭ پايتەختىگە يېتىپ كەپتۇ. شەھەردىكى چېركاۋلارنىڭ قوڭغۇراقلىرى بىردەك جاراڭلاپتۇ، بۇرغىلار چېلىنىپ، تۇغ ـ ئەلەملەر جەۋلان قىپتۇ. شاھزادىنىڭ شەرىپىگە ھەر كۈنى زىياپەت، بەزمىلەر ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. لېكىن، شۇ چاغقىچە مەلىكە ئۆزىنى كۆرسەتمەپتۇ. كىشىلەر ئۇنى يىراق بىر يەردىكى چېركاۋدا ئوردىدىكى ئەدەپ ـ ئەركانلارنى ئۆگىنىۋاتىدۇ، دېيىشىپتۇ. ئاخىر بىر كۈنى مەلىكە ئۆزىنى كۆرسىتىپتۇ.

پەرىزات بېلىق ئۇ قىزنىڭ رۇخسارىنى كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ تۇرغانىكەن. ئۇ مەلىكىنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ئاپىرىن ئەيلىمەي تۇرالماپتۇ. ئۇنىڭدەك ئۆز سەنەمنى ئۇ ئۆمرىدە تېخى كۆرۈپ باقماپتىكەن. ئۇ مەلىكىنىڭ تېرىلىرى سۈپسۈزۈك، قاپقارا ئۇزۇن كىرپىكلىرىنىڭ ئاستىدا دېڭىزدەك زەڭگەر، يۇلتۇزدەك شەھلا كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىكەن.

— ۋاي، سىزمىدىڭىز، — دەپتۇ شاھزادە كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن ھالدا، — ئۇلەر ھالەتتە ياتقىنىمدا سىز مېنى قۇتقۇزۇۋالغان ئەمەسمۇ، — شاھزادە ئۇ قىزنىڭ قوللىرىنى مەھكەم سىقىپتۇ، — ئاھ، مەن نېمىدېگەن بەختلىك، — دەپتۇ ئۇ پەرىزات

بېلىققا قاراپ، — بۈگۈن مەن ئارزۇ - ئارمىنىمغا يەتتىم، سىز چوقۇم مېنىڭ بەختىمدىن خۇشال بولىسىز، چۈنكى سىز مېنى ھەممە ئادەمدىن بەكرەك ياخشى كۆرىسىز.

پەرىزات بېلىق ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپتۇ، ئەمما يۈرىكى لەختە - لەختە بولۇپ كېتىپتۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تويى بولغان كۈنى، ئۇنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىدىغان كۈنى ئىكەن.

چىركاۋلارنىڭ قوڭغۇراقلىرى بىرلا ۋاقىتتا چېلىنىپتۇ. جاكارچى شاھزادە بىلەن مەلىكىنىڭ تويى بولىدىغانلىقىنى كوچىمۇكوچا يۈرۈپ جاكارلاپتۇ. كۈمۈش چىراغپايلاردا پۇراقلىق شاملار يېنىپتۇ. شاھزادە بىلەن مەلىكە ئېپىسكوپنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش ئۈچۈن چىركاۋغا كەپتۇ.

پەرىزات بېلىق ئېسىل يىپەك رەختكە ئالتۇن يىپتىن كەشتە تىكىلگەن چىرايلىق كۆڭلەكنى كىيىپ، مەلىكىنىڭ تويلۇق كىيىمىنىڭ ئېتىكىنى كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھەيۋەتلىك مۇزىكىلار، پوپنىڭ دۇئاسى، ھېچنېمە، ھېچنېمە كىرمەپتۇ، كۆزلىرى بۇ مۇقەددەس نىكاھ سورۇنىنى كۆرمەپتۇ، ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى ئۆزى ھالاك بولىدىغان كېچىدە ئىكەن. بۇ دۇنيادىكى ھەممە نېمىدىن ئايرىلىپ بىر كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتىشىنى ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭ يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ كەتكەندەك ئاغرىيدىكەن.

شۇ كۈنى ئاخشىمى كۈيئوغۇل بىلەن كېلىن ھەشەمەتلىك كېمىگە چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە

توپلار ئېتىلىپتۇ، شادىيانە مۇزىكىلار چېلىنىپتۇ. كۆيئوغۇل بىلەن كېلىنىنىڭ تۇنجى ئاخشامىنى ئاسايىشلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، كېمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئالتۇن رەڭ يىپەككە بىنەپشە رەڭ گۈل چېكىلگەن چېدىر ئورنىتىلغانىكەن.

دېڭىز شاملى يەلكەنلەرنى كۆپتۈرۈپتۇ، كېمە سۈزۈك دېڭىزدا لەرزان ئۈزۈپتۇ.

قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن رەڭدار چىراغلار ئوتتەك يېنىپ، توي ئەھلى خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. ئۆزى تۇنجى قېتىم سۇ يۈزىگە چىققاندا كۆرگەن ھەيۋەتلىك مەنزىرە يادىغا كەچكەن پەرىزات بېلىق كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. ئۇ خۇددى قوغلاشماق ئويناۋاتقان قارلىغاچتەك پىرقىراپ توختىماي ئويناپتۇ. ئۇ ئەزەلدىن ئۇسسۇلنى بۇگۈنكىدەك چىرايلىق، بۇگۈنكىدەك زوق - شوق بىلەن ئوينىمىغانىكەن. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيلەپتۇ. ئۇ پۇتىنى ھەربىر چەككەندە پىچاق تىققاندەك ئاغرىيدىكەن، ئەمما ئۇنىڭ بۇنى بىلگۈچىلىكى يوق ئىكەن، چۈنكى شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى پۇتىغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە قاتتىق ئاغرىۋاتقانىكەن.

ئۇ بۇ ئاخشامنىڭ شاھزادىنى كۆرەلەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئاخشام ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نەسلىدىن، ئەسلى - ۋەسلىدىن، يېقىملىق ئاۋازىدىن ئايرىلىپ تارتمىغان كۈلپەتلىرى قالمىغانلىقىنى، لېكىن شاھزادىنىڭ بۇنى قىلچە بىلمەيدىغانلىقىنى، بۇ ئاخشامنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە نەپەس

ئېلىپ، كۆك ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى، كۆپكۆك دېڭىزنى بىللە كۆرىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئاخشام ئىكەنلىكىنى ئويلىغاندا، پەرىزات بېلىقنىڭ يۈرىكى ئازابتىن يېرىلىپ كېتەي، يېرىلىپ كېتەي دەپ قاپتۇ. ئۇنى پىكىر - خىياللار، شېرىن چۈشلەر بولمىغان زۇلمەتلىك بىر دۇنيا كۈتۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك روھقا ھەرگىز ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇ يەنىلا يېرىم كېچىگىچە ئىچىدە قان يىغلاپ، تېشىدا كۈلۈپ ئويناپتۇ.

شاھزادە گۈزەل مەلىكىسىنى سۆيگىنىچە چېدىرغا كىرىپ كېتىپتۇ، پەرىزات بېلىق ئاھ ئۇرغىنىچە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قاپتۇ.

كېمىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. پەرىزات بېلىق كۆزلىرىنى شەرققە تىكىپ تاڭنىڭ يورۇشىنى كۈتۈپتۇ. قۇياش كۆتۈرۈلۈشى بىلەنلا ئۇ جېنىدىن ئايرىلىدىكەن.

بىر چاغدا، ئۇنىڭ ئاچىلىرى دېڭىز يۈزىدە كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلارنىڭ چىرايىدا قان يوق، يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان سۇمبۇل چاچلىرىمۇ يوقمىش.

— سېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بىز چاچلىرىمىزنى كېسىپ جادۇگەرگە بەردۇق. ئۇ بىزگە ناھايىتىمۇ ئۆتكۈر بىر تىغ بەردى. كۈنچىقىشتىن ئىلگىرى سەن بۇ تىغنى شاھزادىنىڭ يۈرىكىگە تىقساڭ، ئۇنىڭ ئىسسىق قېنى پۇتۇڭغا ئاقسا، دەرھال ئەسلىڭگە كېلىپ پەرىزات بېلىق ھالىتىڭگە قايتىسەن، قىرتاق كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتمەيسەن، بىزگە ئوخشاش ئۈچ يۈز

يىل ياشايسەن. تېز بول، دەرھال قول سال، كۈنچىقىشتىن ئىلگىرى ئىككىڭلاردىن بىرىڭلار ئۆلۈشۈڭلار كېرەك. مومىمىز تولا غېمىڭنى يەپ ئاغرىپ يېتىپ قالدى. شاھزادىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ دەرھال يېنىمىزغا قايتىپ كەل، شەرق تەرەپنىڭ قىزىرىۋاتقىنىنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ نەچچە مىنۇتتىن كېيىن كۈن چىقىپ كەتسە، ھېچنېمىگە ئۈلگۈرەلمەي جېنىڭدىن ئايرىلىسەن.

ئاچىلىرى غەلىتە ئۇھسىنىشىپ دېڭىز تەكتىگە چۆكۈپ كېتىپتۇ.

پەرىزات بېلىق چېدىرنىڭ بىنەپشە رەڭ مىلەڭزىسىنى قايرىپ ئىچىگە كىرسە، گۈزەل كېلىنچەك بېشىنى شاھزادىنىڭ مەيدىسىگە قويغىنىچە ئۇخلاپ ياتقۇدەك. ئۇ ئېڭىشىپ شاھزادىنىڭ چىرايلىق مەڭزىگە مېھىر بىلەن سۆيۈپتۇ، ئاندىن ئاسمانغا قاراپتۇ. قىزىللىق بارغانسېرى ئۆرلەپ، قۇياش چىقىشقا ئازلا قالغانىكەن. ئۇ ھېلى قولىدىكى خەنجەرگە، ھېلى شاھزادىگە قاراپتۇ. شاھزادە چۈشەكەپ ھەدەپ ئايالىنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ ياتقۇدەك، ئۇنىڭ يۈرىكىدە پەقەت ئايالىلا بارمىش.

پەرىزات بېلىقنىڭ خەنجەر تۇتقان قولى تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇ خەنجەرنى شاھزادىگە سالماستىن، ئەكسىچە دېڭىزغا ئېتىۋېتىپتۇ. خەنجەر چۈشكەن يەردىن قانغا ئوخشاش قىپقىزىل بىر نەرسە فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىپتۇ. پەرىزات بېلىق شاھزادىگە ياشاڭغىرىغان كۆزلىرى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قارىۋېتىپ

دېڭىزغا سەكرەپتۇ. ئۇنىڭغا بەدىنى ئاستا ـ ئاستا كۆپۈكچىگە ئايلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپتۇ.

قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، دېڭىزدىكى كۆپۈكچىلەرگە ئىللىق نۇرىنى سەپكەندە، پەرىزات بېلىق ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ يارقىن قۇياشنى، بېشىدا ئولىشىپ تۇرغان بەكمۇ سۈزۈك، بەكمۇ نەپىس مەۋجۇداتلارنى، يىراقتىكى ئاق يەلكەنلىك كېمىنى، رەڭدار بۇلۇتلارنى كۆرۈپتۇ.

پەرىزات بېلىقنىڭ بېشىدا ئولىشىپ تۇرغان مەۋجۇداتلارنىڭ ئاۋازى خۇددى مۇزىكىدەك يېقىملىق ئىكەن، لېكىن ئىنسان بالىسى ئۇ ئاۋازنى ئاڭلىيالمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىمۇ كۆرەلمەيدىكەن، خۇددى كۈن نۇرىدا كۆتۈرۈلگەن ھورغا ئوخشاش. ئۇلارنىڭ قانىتى يوق ئىكەن، پەقەت يەڭگىل تېنىگە تايىنىپ ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچۇپ يۈرىدىكەن. پەرىزات بېلىق ئۆزىنىڭ بەدىنىنىڭمۇ ئاشۇلارنىڭكىگە ئوخشايدىغانلىقىنى، بەدىنىنىڭ يەڭگىل كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ.

— مەن نەگە بارىمەن؟ — دەپ ساپتۇ ئۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئۆزىگە ئوخشاشلارنىڭكىدەك يېقىملىق چىقىپتۇ.

— ئاسمان قىزلىرىنىڭ يېنىغا بارىسەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۆزىگە ئوخشاشلار ئۇنىڭغا، — پەرىزات بېلىقنىڭ مەڭگۈلۈك روھى بولمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ، سىرتتىن كەلگەن بىر كۈچنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشسە ئۇ باشقا گەپ. ئاسمان قىزلىرىنىڭ ئۆلمەس روھى يوق، ئەمما ئۇلار ساۋابلىق

ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق بۇ روھنى يارىتالايدۇ. بىز ئىسسىق جايلارغا ئۇچۇپ بارايلى، ئۇ يەرلەردە ناچار ھاۋا تەسىرىدىن ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئىنسانىيەتنى ھالاكەتكە سۆرەۋاتىدۇ. بىز ئۇ يەرلەردە سالقىن ساپ ھاۋا، گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقىنى تارقىتايلى، ئۇلارغا ساغلاملىق ئاتا قىلايلى. ئۈچ يۈز يىلغىچە قولىمىزدىن كېلىدىغانلىكى ساۋابلىق ئىشلارنى قىلساق، ئاندىن مەڭگۈلۈك روھقا ئىگە بولالايمىز، ئىنسانلار ئارىسىدىكى مەڭگۈلۈك بەختتىن بەھرىمەن بولالايمىز. بىچارە پەرىزات بېلىق، سەن ئاشۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ جىق رىيازەتلەرنى چەكتىڭ، چەككەن شۇ ئازابلىرىڭ بەدىلىگە ئاخىر جەننەتنىڭ روھىيەت ئالىمىگە كېلىپ قوشۇلىسەن، ئۈچ يۈز يىلدىن كېيىن سەمىمىي نىيىتىڭ، ساۋابلىق ئىشلىرىڭ بەدىلىگە ئۆلمەس روھقا ئىگە بولىسەن.

پەرىزات بېلىق سۈزۈك، پارقىراق قولىنى خۇدانىڭ قۇياشىغا ئۇزىتىپتۇ، ئۇ ئۆزىنى تۇنجى قېتىم ياش تۆكۈۋاتقاندەك ھېس قىپتۇ.

كېمىدىكىلەرنىڭ بىر كۈنلۈك پائالىيىتى يەنە باشلىنىپتۇ. شاھزادە گۈزەل ئايالىنى يېتىلەپ پەرىزات بېلىقنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ، ئىزدەپ تاپالمىغاندىن كېيىن خۇددى ئۇنىڭ ئۆزىنى دېڭىز دولقۇنلىرىغا ئاتقىنىنى بىلگەندەك كۆۋۈجەۋاتقان كۆپۈكلەرگە غەمكىن بېقىپتۇ. ھورغا ئايلانغان پەرىزات بېلىق ئاستا لەيلەپ كېلىپ يېڭى كېلىنىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپتۇ، شاھزادىگە قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرەپتۇ، ئاندىن باشقا

ئاسمان بالىلىرى بىلەن بىللە رەڭدار بۇلۇتلارغا مىنىپ ئاسماننىڭ قەرىدىكى ئەتىرگۈل رەڭلىك بۇلۇتنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كېتىپتۇ.

— ئۈچ يۈز يىلدىن كېيىن جەننەتكە كىرىمىز!

— بەلكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق كىرەرمىز، — دەپتۇ بىر جانلىق بوش ئاۋازدا، — بىز بالىلارنىڭ ئۆيىگە ئۈن - تىنسىز كىرىپ كېلىمىز. كۈندە ئاتا - ئانىسىنى خۇش قىلالايدىغان، ئۇلارنىڭ دىگەن يېرىدىن چىقالايدىغان بىر بالا تاپالىساق، پەرۋەردىگار بىزگە بەرگەن ئۈچ يۈز يىللىق سىناق مۆھلىتىنى قىسقارتىدۇ. ئۇ ئۆيلەرگە كىرگىنىمىزنى بالىلار تۇيمايدۇ. بىز ئۇلارغا قاراپ شادلىق ئىچىدە كۈلىدىغان بولساق، ئۈچ يۈز يىلىمىزنىڭ بىر يىلى قىسقىرايدۇ. شۇنىڭدەك، كەپسىز، ئەسكى بالىلارغا ئۇچراپ قېلىپ ئازابلىنىپ يىغلاپ سالساق، ھەربىر تامچە يېشىمىز بىر كۈن بولۇپ، بىزنى سىنايدىغان كۈنلەرگە قوشۇلۇپ ماڭىدۇ.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection
(https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyMTk1NjAuemlw",
  "filename_decoded": "40219560.zip",
  "filesize": 33320078,
  "md5": "e0497c0b076916c887874e68e8397524",
  "header_md5": "5f2cbc2aad91080a1505565111b37f2e",
  "sha1": "88b227050750780eb096af59424c40a523e60899",
  "sha256": "7f36566634d3b3bf3f353d481b73c3d6eee66f8be8ac96b4f5bff7c1e3e965d8",
  "crc32": 3037057460,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 37058855,
  "pdg_dir_name": "\u2591\u2593\u2550\u255c\u2554\u00b7\u2550\u00bb\u2557\u2591\u2564\u00ed1
\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u2559\u2229_40219560",
  "pdg_main_pages_found": 156,
  "pdg_main_pages_max": 156,
  "total_pages": 167,
  "total_pixels": 666297936,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}